ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10818-3
9 787228 108183 >
定价:4.50元

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# كەمەك ھەييار بىلەن مۇختە ھەييار

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئۈرۈمچى 2007 - يىلى



图书在版编目(CIP)数据

两个小丑：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. -乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
(维吾尔民间故事)
ISBN 978-7-228-10818-3

Ⅰ.两... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国 -维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006089号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

两个小丑（维吾尔文）
(维吾尔民间故事)
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.375印张
2007年1月第1版 2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10818-3 定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.375
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10818-3
باھاسى: 4.50 يۈەن






# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر 55 كىتابچە نەشىردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇللىق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كېپىك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتانىنىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۇيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەمىي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇسكەك پادىشاھ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | قاينا، چۆگۈن | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئەقىللىق كەنجى قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ھەركىم قىلسا ئۆزىگە | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | يالتايغاق بوۋاي | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇجمە سايىسى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئەپچىللىم | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئارغىماق ماجىراسى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىككى بايىنى ئەپلىگەن مالاي | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | يەتتە لىڭگىلىتاق بىلەن بىر شىڭگىلىتاق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شىتىلە بىلەن پىتىلە | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مازاقخور مازاقتا ئۆلەر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | پادىشاھنىڭ كۈنىنى ئۇزارتىشى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىشەكنى ئۇرۇپ خوتۇنىنى قورقۇتۇش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | قازان تۇۋى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھ بىلەن شاتۇتى | (4.50 يۈەن) |

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1، 2، 3، 4، 5 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى — 1، 2، 3 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى (3.50 يۈەن)

(بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن)



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# مۇندەرىجە


ياۋۇز پادىشاھ بىلەن دانا ۋەزىر .......................... 1
كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار .................. 11
ئېيىق ئىسلان ........................................ 25
تادان بىلەن گول ...................................... 37
يولۋاسنىڭ مۇشۇكنى ئۇستاز تۇتۇشى ..................... 58
كېسەلنىڭ سىرى ........................................ 65




# ياۋۇز پادىشاھ بىلەن داناۋەزىر

زامانلارنىڭ زامانىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ياۋۇزلۇقتا ئۇنىڭ داڭقى يەتتە ئىقلىمغا تارقالغانىكەن. ئۇنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى دانىشمەنلىكتە يەتتە ئىقلىمدا نامدار ئىكەن. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرى ئۆزلىرى كېلىپ ياكى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، بۇ دانىشمەن ۋەزىرنىڭ دانا مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ياۋۇز پادىشاھ ئىنسايىغا كېلىپ قالغانمۇ ياكى باشقا بىر ئوي ـ خىيالى بارمۇ، ئۇنىسى بىزگە نامەلۇم، ھەرھالدا ئۆزىگە قاراشلىق يۇرتلارنى ئوڭ قول ۋەزىرنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بىر ئايلىنىغۇسى كەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پۇقراچە كىيىنىپتۇ ـ دە، سەپەر قىپتۇ. ئۇلار يۇرت ئايلاپ يۈرۈپ كەچقۇرۇن بولغاندا بىر مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر ئۆيگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئۆيدە بىر پىيالىدىن چاي ئىچە ـ ئىچمەيلا ساھىبخانا

خوتۇنىنىڭ تولغىقى تۇتۇپتۇ. پادىشاھنىڭ تۇرۇپلا ياۋۇزلۇقى تۇتۇپ، بىرنېمە دېيىشكە تەمشەلگەندە، ۋەزىر ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ، سەۋر - تاقەتلىك بولۇشنى ئۈمىد قىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ ئۆيدىن يۆتكەلمەكچى بوپتۇ. بەكمۇ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ساھىبخانا مېھمانلارنى قويۇپ بەرمەپتۇ. تۈن نىسپىدە، يورۇق دۇنياغا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆز ئېچىپتۇ. ئۇ پەرزەنتنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان دانىشمەن ۋەزىر ھەيرانلىق ئىچىدە قاتتىق كۈلۈپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سەۋەبسىز كۈلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ھەيران بولۇپ:

— ئەجەبا، قاتتىق كۈلۈپ كەتتىڭ، سەۋەبى نېمە؟ — دەپتۇ.

— بۇ بوۋاق چوڭ بولغاندا ئۇلۇغ پادىشاھىمىزنىڭ كۈيئوغلى بولغۇسى، مەلىكە بىر جۈپ ئوغۇلغا ئانا بولغۇسى. تەقدىرنىڭ ھېكمىتى شۇنداق ئىكەن. شۇڭغا ھەيران بولۇپ كۈلمەكتىمەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

ۋەزىر دانىشمەن بولغاچقا، پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىگە قارشى چىقالماي تەشۋىش ئىچىدە قاپتۇ، ئۇ گادايغا



قىزىمنى چوڭ قىلىپ بەرگۈچە، بۇ بوۋاقنى سېتىۋې-
لىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتمەيمەنمۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۆي ئى-
گىسىگە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ساھىبخانا بۇرادەر، بىز سەپەر ئۈستىدىكى ئا-
دەملەر ئىدۇق. بوۋاقنىڭ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا دۇنياغا
كۆز ئېچىشى ئەلۋەتتە بىزنىڭ سەپىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق-
لۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مېنىڭ پەرزەنتىم يوق، شۇڭا ماڭا
بوۋاقنى بەرسەڭلار، مەن سىلەرگە بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك
ئالتۇن بېرەي، — دەپتۇ. ئۆي ئىگىلىرى مەسلىھەتلىشىپ
شۇنداق دەپتۇ:

— سىلىنىڭ ئۈمىدلىرىنىمۇ يەردە قويمايلى، بىزمۇ
ئاز - تولا ئالتۇن بىلەن دەرگاھىمىزنى ياخشىلايلى، بۇ
بالا سىلىنىڭ قوللىرىدا يامان ئۆتمەس.

شۇنداق قىلىپ، پادشاھ بوۋاقنى نۇرغۇن ئالتۇن بە-
دىلىگە ئېلىۋاپتۇ - دە، مەزمۇت ساندۇققا سېلىپ دەرياغا
ئېقىتىۋېتىپتۇ.

دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا بىر بېلىقچى ھەر كۈنى
دەرياغا بىرلا قېتىم تور تاشلايدىكەن. بېلىقچى بۇ قېتىممۇ
«بەختى - پېشانەمدىن» دەپ، تورنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىن
ھالقىتىپ تاشلاپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ساندۇق كېلىپ تورغا
ئىلىنىپ قاپتۇ. بېلىقچى تورنى سۆرىگەندە، يوغان بىر
ساندۇق بىللە چىقىپتۇ، ساندۇقنى ئېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ.
بېلىقچى خوتۇن - بالىلىرىنى بۇ «ئامەت»كە ھەقدار قىلىپ

ئاغزىنى ئېچىپتۇ ۋە بىر بوۋاقنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا چۆچۈپ كېتىپتۇ، بېلىقچى، توققۇز بالىنى باقالمايۋاتقاندا بۇ قوشۇلسا، ئۇن بالىنى قانداقمۇ باقارمەن، دەپ ئەندىشە قىپتۇ ۋە ساندۇقنى بوۋاق بىلەن دەرياغا تاشلىۋەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنىماپتۇ.

— بۇنى بىزگە تەقدىر ئەكەلدى. توققۇز بالىنىڭ رىزقىنى بەرگەن خۇدايىم بۇنىڭمۇ رىزقىنى بىرەر، — دەپتۇ ئايال. شۇنداق قىلىپ، خۇدايىم بەرگەن ئونىنچى بالىغا ئايالنىڭ ئانىلىق مېھرى چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇنى توققۇز بالىنى باققانغا ئوخشاش بېقىپتۇ.

يىللار كەينىدىن يىللار ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ دانىشمەن ۋەزىرى بىلەن سەيلىگە چىقىپتۇ. ئۇلار تاغلاردىن ئېشىپ، چۆللەرنى كېزىپ، بىر چوڭ دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. يىراقتىن بىرنەچچە بالا يۈگۈرگەن پېتى ئاجايىپ كىيىنىۋالغان بۇ ئادەملەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارنى تاماشا قىپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر پادىشاھقا كۆيئوغۇل بولۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ھېلىقى بوۋاقنىڭ چىراي، ئەقىل - پاراسەتتە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك چوڭ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە يەنە قاتتىق كۈلۈپتۇ.

— ئەي دانا ۋەزىرىم، بۇ كۈلكەڭنىڭ مەنىسىنى بىلەلمىدىم، — دەپتۇ پادىشاھ.

— مۇشۇ بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى چىراي شەكلى قاملاشقان، ئوماق ئوغۇل پادىشاھئالەمنىڭ كۆيئوغلى بول-

غۇسى، — دەپتۇ ۋەزىر.

— سەن گادايىنىڭ بالىلىرىنى ماڭا كۈيئوغۇللۇققا تاللايدىغانغا نېمە ھەددىڭ بار؟ مەن قىزىمنى مۇشۇنداق تېگى پەس بىر گادايغا بېرەرمەنمۇ؟! — دەپتۇ دەرغەزەپكە كەلگەن پادىشاھ.

— بۇ جاھان شۇنداق تەقدىر - قىسمەتلىك جاھان، تەقدىرنىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھ تەقدىرنىڭ قىسمىتىنى ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ بېلىقچى بوۋاينى چاقىرىپ:

— بۇ ئوغۇل ئۆز بالاڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يوقسۇ، ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، تەقدىر ماڭا بەخش ئەتكەن ئونىنچى ئوغلۇم. ئۇ بىر خىسلەتلىك بالا، ئۇ مې-نىڭ بالام بولغاندىن بېرى ئىشلىرىم ئوڭغا تارتىپ، يامان كۈنگە قالمىدىم. ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ تورۇمغا چۈشكەن ساندۇق ئىچىدىن چىققان، — دەپتۇ بېلىقچى.

پادىشاھ تەشۋىش ئىچىدە قاپتۇ، بالىنى كۆز ئالدىدىلا جاللاتلىرىغا ئۆلتۈرگۈزۈۋەتمەكچى بوپتۇ، بىراق پۇقرالار-نىڭ، بىگۇناھ بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ياۋۇز، زالىم پادىشاھ، دەپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەپتۇ، شۇڭا بالىنى يەنە ھىيلە بىلەن يوقىتىش كويىغا چۈشۈپتۇ. دانىشمەن ۋەزىر پادىشاھنىڭ يامان نىيىتىنى پەملەپ، ئۇنى يوشۇرۇپ قالماقچى بوپتۇ. پادىشاھ بېلىقچىنى رازى قىلىپ، بالىنى

ئوردىغا ئالدۇرۇپتۇ. ئۇلار ئوردىغا بارغاندىن كېيىن، پادىشاھ جاللاتنى چاقىرتىپ، بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. جاللات بالىنى ئاچىقىپ كەتكەندىن كېيىن، دانىشمەن ۋەزىر يوشۇرۇنچە قوغلاپ يېتىپ، بالىنى جاللاتتىن تىلىۋاپتۇ، بالىنى پادىشاھقا كۆرسەتمەي تەربىيىلەپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتۈپتۇ، بۇ بالا قەددى - قامەتلىك كېلىشكەن ۋە ئەقىللىق، باتۇر، زېرەك يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

پادىشاھ ئۆز تەختى - بەختىنى مۇستەھكەملەش يولىدا جەڭ سەپىرىگە تەييارلىق قىپتۇ، بۇقېتىمقى جەڭگە ئۆزى سەركەردە بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن سەركەردە ۋە لەشكەر بىلەن قەلئە سىرتىغا چىققاندا، شىكاردىن قايتقان ھېلىقى بېلىقچىنىڭ بالىسىغا دۇچ كەپتۇ، ئۇنىڭ تېخىچىلا ھايات ئىكەنلىكىدىن ھەيران بوپتۇ. يىگىت يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشۈپ، پادىشاھقا تەزىم قىلىپ سالام بېرىپتۇ. پادىشاھ، ئاددىي بىر پۇقرانى كۆيئوغۇل قىپتۇ، دېگەن شەرمەندىچىلىككە قېلىشتىن ۋايىم يەپ، بالىنى يەنە كۆزدىن يوقاتماقچى بوپتۇ. سەپەر ئۈستى ئۇنىڭغا بىنئەپ بولغاچقا، يىگىتنىڭ قولىغا لېپاپ ئىچىگە سېلىنغان ئۆلۈم خېتىنى تۇتقۇزۇپتۇ - دە، ئۆزىگە ۋاكالىتەن يۇرتنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ئوغ قول ۋەزىرىگە يەتكۈزۈشنى تاپىلاپتۇ. ئاق كۆڭۈل يىگىت لېپاپ ئىچىدىكى نېمە خەت ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر خۇشال ھالدا ئوردىغا قاراپ

كېتىپتۇ. يىگىت ئىتنى ئېغىلغا باغلاپ قويۇپ، توپتوغرا ئوردا تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئۇ تاشقىرىقى قورۇدىن ئۆتۈپ، چارباغنى بىر سەيلە قىلىپ ئۆتكۈسى كەپتۇ ـ دە، بۇرۇلۇپلا باغقا كىرىپتۇ. باغنىڭ ھەممىلا تەرىپىدە خىلمۇخىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، گۈل ۋە تاللار ئارىسىدا بۇلبۇللار چاقىلداپ سايراپ تۇرغان، سۈپسۈزۈك زۇمرەت سۇلار چىمەنلىكلەر ئارىلاپ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان. باغنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسى، شىپالىق ھاۋاسى يىگىتنى ئۆزىگە مەپتۇن قىپتۇ. يىگىت ھەممىنى ئۇنتۇپ بىردەم چىمەنلىكتە پەيز ئالغۇسى كەپتۇ ـ دە، چوڭ دەرەخ سايىسى ئاستىدىكى ياپيېشىل چىمەنلىكتە بىرپەس ئېغىناپ يېتىپتۇ. شىكاردىن كېيىنكى ھارغىنلىق يىگىتنى ئاخىر ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئارزۇلۇق يالغۇز قىزى كېنىزەكلىرى بىلەن باغنى سەيلە قىلىپ، يىگىت ئۇخلاپ قالغان چىمەنلىككە كېلىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى ئۇخلاۋاتقان يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گۈزەللەرنىڭ سۇلتانى ئىكەنلىكىگە ۋە پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى پەرىزاتلار نەسلىدىن دەپ ئويلاپ، ئۇ يىگىتكە ئاشىق بوپتۇ ۋە ئاستا ئېڭىشىپ يىگىتنىڭ لېۋىگە سۆيۈۋاپتۇ. شۇ چاغدا قىز يىگىتنىڭ قولىدىكى خەتنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئېلىپ ئوقۇپ، ئاتىسىنىڭ يىگىتنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى پەرمانى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. قىز دەرھال خەتنى

ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا: «بۇ خەتنى ئېلىپ بارغان يى-
گىت مېنىڭ كۈيئوغلۇم بولسۇن، چوڭ توي مەرىكىسى
ئۆتكۈزۈلۈپ، قىزىم شۇ يىگىتكە نىكاھ قىلىنسۇن» دېگەن
خەتنى يېزىپ، شېرىن ئۇيقۇدىكى يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇ-
زۇپتۇ ـ دە، كېتىپتۇ.

يىگىت ئۇيقۇسى قانغاندىن كېيىن، ھېلىقى خەتنى
ئەقىللىق ۋەزىرگە يەتكۈزۈپتۇ. ۋەزىر خەتنى ئوقۇپ، ئۇ-
نىڭدا نېمە يېزىلغان بولسا، ھەممىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

پادىشاھ ئۈچ يىلغىچە جەڭدىن قايتماپتۇ. پادىشاھنىڭ
قىزى شۇ ئارىلىقتا ئىككى ئوغۇلغا ئانا بوپتۇ. تۆتىنچى
يىلى غالىب پادىشاھ جاھاننى تىنچىتىپ، ئوردىغا قايتىپ-
تۇ. پادىشاھنىڭ قىزى ئاتىسىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقى-
نى ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ.

— شاھ ئاتام بەكمۇ رەھىمسىز، — دەپتۇ پادىشاھ-
نىڭ قىزى ئېرىگە، — يۇرتتىن نېرىراق يەرلەرگە
يوشۇرۇنساق.

— كەتمەيلى، — دەپتۇ يىگىت، — سەن شاھنىڭ
بىردىنبىر ئارزۇلۇق قىزى. ئۇ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش
ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. ئىككىمىز ئىككى پەرزەنتىمىزنى
كۆتۈرۈپ، ئالدىغا ئىززىتىنى قىلىپ چىقايلى، ئىنساپىغا
كېلىپ قالار.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىككى ئوغۇل پەرزەنتىنى كۆ-
تۈرۈپ شاھ ئاتىسىنى كۈتۈۋاپتۇ. پادىشاھ ئىشىنىڭ تەكتىگە

يىتىپتۇ ـ دە، نەۋرىلىرىگە قاراپمۇ قويماپتۇ، قىزىغا نەپ-
رەتلىنىپتۇ. ئۇ ئىچىدىلا نىيىتىدىن يانماي، كۆيئوغلىنى
يوقاتماقچى بوپتۇ ۋە بىر ۋەزىرگە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەتە تاڭ يورۇشى بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ، بى-
رىنچى بولۇپ بېلىقچىلاردىن بېلىق ئالغان كىشى دەرياغا
تاشلانسۇن ! ھەتتا ئۇنداقلار مېنىڭ قىياپىتىمگە كىرىۋال-
غان بولسىمۇ، رەھىم قىلىنماي بويىنغا يوغان تاش باغلاپ
تاشلانسۇن !

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەمرىنى دەرھال بېلىقچىلارغا يەت-
كۈزۈپتۇ.

پادىشاھ كۆيئوغلىنى چاقىرتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— تاڭ سۈزۈلگەندە، ھەممە كىشىدىن بۇرۇن دەريا بو-
يىدىكى بېلىقچىلارنىڭ يېنىغا بارغىن، سەھەر سۈيىدىكى
بېلىقتىن بىرنى تۇتۇپ بەرسۇن، ئۇ ماڭا دورا بولۇپ
قالدى.

كۆيئوغۇل پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
تاڭ قاراڭغۇسىدا ھۇجرىدىن چىقىپ چارباغلارنى ئارىلاپ
مېڭىپتۇ. چارباغنىڭ بۇلبۇللىرى تاڭ يورۇشىغا مەستانە
بولۇپ سايراپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆزىگە مەھلىيا
قىلىۋاپتۇ. كۆيئوغۇل بۇلبۇل نەغمىسىدىن ئىختىيارسىز
توختاپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ.

بۇ قېتىم پادىشاھ ئۇنىڭ يەنىلا قۇتۇلۇپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ، ئۆزى ھەقدار بولماقچى بوپتۇ ـ دە، ھەممىدىن

بۇرۇن دەريا بويىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بېلىقچىلار تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، كىملىكىنى سۈرۈشتۈرمەي، تەييارلاپ قويغان تاشنى بويىنىغا باغلاپ دەرياغا تاشلاپتۇ.

چارباغدا خۇدىنى يوقاتقان كۆيئوغۇل بىرھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، دەرياغا بېرىپتۇ، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى بېلىقچىلارغا مەلۇم قىپتۇ. بېلىقچىلارمۇ پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە بىرىنچى بولۇپ كەلگەن كىشىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى، كۆيئوغلىنىڭ كېلىشى ئىككىنچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

كۆيئوغۇل ئوردىغا قايتىپتۇ. ئوردا ئىچى ئوپۇر - توپۇر بوپتۇ. پادىشاھنىڭ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە ھەممە ھەيران بوپتۇ. كۆيئوغۇل پادىشاھنىڭ كېچىدىكى ئەمر - پەرمانىنى دانا ۋەزىرگە يەتكۈزۈپتۇ ۋە بېلىقچىلارنىڭ پەرمان بويىچە بىر ئادەمنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. دانا ۋەزىر ئىشلارنىڭ جەريانىدىن پادىشاھنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى پەملەپتۇ.

دانا ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، پادىشاھنىڭ كۆيئوغلى تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرت قايتا گۈللىنىشكە باشلاپتۇ.

# كەمەك ھەيياربىلەن مۇختەرھەييار

بۇرۇنقى زاماندا، ئىران پادىشاھلىقى تەۋەسىدە كەمەك دېگەن بىر ھەييار ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنى ھەييارلىقتا كامالەتكە يەتكەن ھېسابلاپ، بۇ دۇنيادا ماڭا ھېچقانداق ھەييار تەڭ كېلەلمەيدۇ، دەپ يۈرىدىكەن. قەدىمكى تەكلىماكان دىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇختەر دېگەن بىر ھەييار بولۇپ، ئۇمۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ھەييارنى ئۆزىگە تەڭ كۆرمەيدىكەن، شۇڭلاشقا ئۇلار ھەييارلىقتا بىرى يەنە بىرىنى يېڭىپ، ئۈستۈنلۈكنى ئېلىش كويىدا يۈرىدىكەن. كەمەك ھەييار قارا كۆڭۈل، مۇختەر ھەييار ئاق كۆڭۈل ئىكەن.

كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپ، كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى ئۆلتۈرۈپ ئۈستۈنلۈك ئالماقچى بوپتۇ.

كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى يوقىتىشنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇختەر ھەييار «كىتابى جادۇ»نى ئېچىپ قاراپ، كەمەك ھەييارنىڭ ئۆزىگە قەست قىلىشنىڭ كويىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن



كېيىن مۇختەر ھەييار سالپاڭ قۇلاق، ئالا ئاياغ ئېشىكىگە: «رەببىم» دەپ مىنىپ، كەمەك ھەييارنىڭ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ھېرىپتۇ، بىر قوغۇنلۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ، قارىياغاچ سايىسىدە ئۇخلاپتۇ، ئۇخلاش ئالدىدا ئۆزىگە ئەپسۇن ئوقۇپ، بېشىنى قوغۇنغا، بەدىنىنى پىلەككە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

دەل شۇ چاغدا كەمەك ھەييار «كىتابى جادۇ»غا قارىسا، مۇختەر ھەييارنىڭ ئۆزىگە قارشى يولغا چىقىپ، يول ئۈستىدە قوغۇن بولۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كەمەك ھەييار ھاسىسىغا تايىنىپ، چاپىنىنىڭ

پىشنى قىستۇرۇپ، مۇختەر ھەييارنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ مۇختەر ھەييارنىڭ ئويغىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي مېڭىپتۇ، يولدا ئولتۇرۇپ دەم ئالغۇسىمۇ، بىرەر يۇتۇم سۇ ئىچكۇسىمۇ كەلمەپتۇ. ئاخىر ئۇ ھېلىقى يەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، بېشى قوغۇن، بەدىنى پىلەك، بوينى ساپاقتا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مەخلۇق پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ياتقۇدەك. كەمەك ھەييار، سېنىڭ ئەدىپىڭنى بىر بېرەي، تازا ۋاقتىدا كەپتىمەن، دەپ ئويلاپ، بىر ئەپسۇن ئوقۇپ مۇختەر ھەييارنى قاتتىق ئۇيقۇغا بەند قىلىپ، قوغۇن، پىلەك، ساپاقلارنى يىغىشتۇرۇپ جەمشىتنىڭ يېنىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا مۇختەرنىڭ سالپاڭ قۇلاق، ئالا ئاياغ ئېشىكىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

كەمەك ھەييار مۇختەرنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچە ھېرىپ - ئېچىپ، تەرلەپ - پىشىپ، بەك كۆپ جەبىر - جاپا چېكىپتۇ. كەمەك يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ئاۋۋال ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، مۇختەرنى سەللىسى بىلەن پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە قاڭتۇرۇپ باغلاپتۇ، ئاندىن قورسىقىنى توقلاپ، دۇنياغا داڭلىق مۇختەر ھەييارنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى جەمشىت پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

كەمەك ھەييار قورۇسىدىن چىقىشىغا مۇختەر ھەييار ئويغىنىپتۇ، قارىسا، تۈۋرۈكتە باغلاقلىق تۇرغان. ھە،

قولغا چۈشۈپتىمەن ـ دە، دەپ ئويلاپتۇ مۇختەر. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بېشى قېتىپ، كۆزىگە دۇنيا قاپقاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. ئېسىنى يىغىپ قارىسا، ھويلىدا كەمەك ھەييار ـ نىڭ خوتۇنى يۈرگۈدەك. مۇختەر ھەييار ئىش ئوڭغا تارت ـ تى، دەپ ئويلاپ:

— يەڭگە، — دەپتۇ مۇلايىملىق بىلەن، — ئېرىڭىز تولىمۇ يامان ئادەم ئىكەن.

— ھەي كاززاپ، قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنىڭ ئېرىمنى يامانلاشقا پېتىندىڭ؟ ! — دەپتۇ كەمەك ھەييارنىڭ ئايالى.

— ئېرىڭىز قۇرۇسۇن، سىزدەك ئاي يۈزلۈك خوتۇنى تۇرۇپ، يەنە بىزنىڭ يۇرتتا بىرىنىڭ قىزىنى ئالماق بوپ ـ تۇ. مەن ئۇنىمىغىدىم، مېنى ئەكېلىپ باغلاپ قويدى، — دەپتۇ مۇختەر ھەييار. خوتۇن:

— شۇ يۇرتتىكى قىزنى بېرىشكە قوشۇلمىغان بول ـ ساڭ، مەن سېنى ئازاد قىلاي، مۇنۇ بىر تەشتەك ئالتۇنىن ـ مۇ ئال، — دەپ مۇختەر ھەييارنى قويۇۋېتىپتۇ. مۇختەر ئۆگزىدىكى شاخ ـ پاخاللارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋاپتۇ. كە ـ مەك ھەييار پادىشاھ جەمشىتنىڭ چوڭ ئىنئامىنى ئېلىپ، مۇختەرنى ئوردىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ، قارىسا مۇختەر يوق. كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى سۇ ـ رۈشتە قىلىپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپتۇ. كەمەك ھەي ـ يارنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ قىرىق چىلتىنى بىلەن بىرلى ـ شىپ، كەمەككە ھەرىدەك يېپىشىپ تاياق ـ توقماق ئاس ـ

تىغا ئاپتۇ. تاياق زەربىسىگە چىدىمىغان كەمەك ھەييار خوتۇنىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ پادىشاھ جەمشىد-نىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن مۇختەر ئاستا ئۆگزىدىن چۈشۈپ، سېھىرلىك ياغاچ چۆچىكىنى ئېرىقتىكى سۇغا پا-تۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆزىنىڭ ئۈس-تىگە قويۇپتىكەن، كەمەكنىڭ شەكلىگە كەپتۇ. ئۆيگە كى-رىپ كەمەكنىڭ خوتۇنىغا:

— مېنى چىلتەنلىرىڭ بىلەن ئۇرغانلىقىڭ ۋە مۇخ-تەرنى قاچۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنى ئۈچ تالاقىا بائىن قىلدىم ! — دەپتۇ. كەمەكنىڭ خوتۇنى كەمەك قىياپىتى-دىكى مۇختەر ھەييارنى تونۇماي، ئۇنى كەمەك دەپ ئويلاپ، پۈتۈن ئۆيۋاق، مال - مۈلۈكنى ھارۋا - ھارۋىلارغا بېسىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

كەمەك قىياپىتىدىكى مۇختەر قوشنا - قولۇم، ئۆ-لىما، قازىلارنى چاقىرىپ كاتتا داستىخان سالپتۇ - دە، داستىخان ئۈستىدە كۆپچىلىككە خوتۇنىنى قويۇۋەتكەنلىكى-نى، ئۆزىنىڭ سەپەرگە چىقماقچى بولغانلىقىنى، قورۇ - جايىنى سېتىپ پۇل قىلىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇ جايدىلا قورۇ - جايىنى سودىگەرگە سېتىپ، پۇلنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

مۇختەر ھەييار كېتىشى بىلەنلا كەمەك ھەييار قورۇغا كىرىپ:

— ھەي خوتۇن، بۇياققا چىق، ساڭا پادىشاھ جەمشىت جازا بۇيرۇدى، — دەپ ۋارقىرىغانىكەن، ئۆيدىكى قورۇنى سېتىۋالغان سودىگەر چىقىپ:

— خوتۇنىڭىزنى تالاق قىلىپ قويۇۋېتىپ، قورۇنى ماڭا سېتىۋېتىپ، پۇلنى يانچۇقىڭىزغا سېلىۋېلىپ، ئەمدى يەنە: «ھەي خوتۇن، بۇياققا چىق !» دەيسىزا، ئېسىڭىزنى يوقىتىپ قويدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

كەمەك ھەييار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇختەرنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنچىقماي قورۇدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇنداق ئويلاپ - مۇنداق ئويلاپ، ئاخىر مۇختەردىن ئۆچىنى ئالماق بوپتۇ ۋە چىلتەنلەرنىڭ قولىغا قىلىچ، نەيزە بېرىپ مۇختەرنى قوغلاپتۇ.

مۇختەر ھەييار «كىتابى جادۇ»غا قاراپ كەمەك ھەييارنىڭ قىرىق چىلتىنى بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر چايخانا ئالدىدا تىلەمچى



قىياپىتىدە، كۆلاھ كىيىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. كەمەك ھەيىيار چايخانىغا كىلىپ بىر قاراپلا، مۇختەر ھەييارنىڭ تىلەمچى قىياپىتىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭ، — دەپتۇ كەمەك ھەييار ۋە چىلتەنلىرىگە، — ئاۋۇ تىلەمچىنى تۇتۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. مۇختەر ھەييارمۇ بوش كەلمەي، بىر سەك-رەپ قىرىق چىلتەننىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەمەك ھەييارنى كىلىشتۇرۇپ بىرنى تىپىپ يىقىتىۋىتىپ چايخا-نىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋاپتۇ. ئۇلار قوغلاپتۇ، مۇختەر ھەييار بولسا، ئۆچكىدەك بالداقمۇبالداق سەكرەپ بىر ئىگىز مۇنارغا چىقىۋىلىپ:

— كەل، كەمەك، مەن پۇت - قولۇمنى ساڭا باغلاپ بىرىمەن، — دەپ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ. بۇنىڭ ئەلىمىگە چىدىمىغان كەمەك ھەييار ئۆزىنى ئۆزى كا-چاتلاپ، ساقىلىنى يۇلۇپ، تىپىچەكلەپ يۇقىرى ئۆرلىگەند-كەن، مۇنارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارمايلا پالاققىدە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئاندىن كەمەك ھەييار چىلتەنلىرىنى يىغىپ: «مۇختەر ئادەم ئەمەس، شەيتان ئىكەن، ئۇنى تۇتقىلى بول-مايدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە پادىشاھنىڭ ئالدىغا مۇختەر قورقۇپ قىچىپ كەتتى، دەپ بارايلى» دەپتۇ - دە، چىل-تەنلىرىنى باشلاپ قايتىپ كىتىپتۇ. كەمەكنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ قالغان مۇختەر ھەييار دەرھال مۇناردىن چۈشۈپ باشقا بىر كوچا بىلەن كىتىۋاتسا، پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى

يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇنى سېھىرگەرلىك بىلەن ئۇخلىتىپ قو-يۇپ، ئۆزى ۋەزىر قىياپىتىگە كىرىپتۇ - دە، ۋەزىرنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئوردىغا كەپتۇ. كەمەك ھەييار دەل شۇ چاغدا ئوردىغا كېلىپ:

— پادىشاھىم، مەن چىلتەنلىرىم بىلەن دىۋانە قىيا-پىتىگە كىرىۋالغان مۇختەر ھەييارنى تۇتقانىدىم، يولدا كې-لىۋېتىپ قورقۇپ قېچىپ كەتتى، — دەپ مەلۇم قىپتۇ.

— ئۇنىڭ قورقۇپ قېچىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنگۇم كەلمەيدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ، — سەن يالغان ئېيتىۋاتى-سەن. ئەگەر مۇختەر مۇشۇ يەردە بولغان بولسىدى، ئىك-كىڭنى قىلىچۋازلىق قىلدۇراتتىم، شۇ چاغدا قايسىڭلارنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتىم.

پادىشاھ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇشىغا، ۋەزىر قىياپىتىگە كىرىۋالغان مۇختەر ھەييار پادىشاھقا دەپتۇ:

— سىلى ماڭا مىڭ تىللا بەرسىلە، مەن مۇختەرنى ئا-ياغ ئاستىلىرىدىن ئۈندۈرۈپ بېرىمەن.

— ئەجەب ئىش، — دەپتۇ پادىشاھ تەئەججۇپلىنىپ.

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپتۇ ۋەزىر قىياپىتىدىكى مۇختەر ھەييار. پادىشاھ خەزىنىچىگە ۋەزىرگە مىڭ تىللا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر قىياپىتىدىكى مۇختەر ھەييار مىڭ تىللانى بېلىگە تۈگۈۋېتىپ:

— مانا قارىسىلا، مەن مۇختەر ھەييار ! — دەپتۇ پا-دىشاھقا. پادىشاھنىڭ ئالدىدا راست مۇختەر ھەييار پەيدا

بوپتۇ.

پادىشاھ سىرتقا بىر چوڭ سەينا ياستىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىلىچۋازلىق باشلىنىپتۇ. مۇختەر ھەييار قىلىچنى ئوينىتىپ بىرىپ كەمەككە بىرنى ئۇرۇپتۇ، ئاندىن قىلىچنىڭ ئۇچى بىلەن كەمەك ھەييارنى ئىلىپ يىراققا تاشلىۋېتىپتۇ. كەمەك ھەييار جان ئاچچىقىدا چىلتەنلىرنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. ئۇلار بىرلىشىپ مۇختەر ھەييارغا ھۇجۇم قىپتۇ. سورۇندا قىلىچۋازلىق راسا ئەۋجىگە چىقىپتۇ. مۇختەر ھەييار چىلتەنلەرنى بىر - بىرلەپ يىقىتىپ كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت بىر چوڭقۇر ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كەمەك ھەييار خۇش بولۇپ، چىلتەنلىرىگە ئورىنى تىندۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. چىلتەنلەر ھەش - پەش دېگۈچە ئورىنى قۇم بىلەن تىندۇرۇۋېتىپتۇ. مۇختەرنى ئۇجۇقتۇردۇم، دەپ ئويلىغان كەمەك ھەييار مۇغەمبەرلىك بىلەن پادىشاھقا:

— بۇ ئادەمىي شەيتان مۇختەرنى ھالاك قىلدىم، — دەپتۇ.

مۇختەر ھەييار ئورىنىڭ ئاستىنى يان تەرىپىگە قاردىتىپ تېشىپ، تۆشۈكنى پادىشاھ تۇرغان ئۆينىڭ ئاستىغا يەتكۈزۈپ، قىلىچىنىڭ ئۇچىنى پادىشاھنىڭ تاپىنىغا تىقىپتۇ.

— ۋايداد، مېنى يىلانمۇ، چايانمۇ، ئىشقىلىپ بىرنەرسە چېقىۋالدى، مېنى قۇتقۇزۇڭلار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ

پادىشاھ. مۇلازىملار كېلىپ ئىزدەپ ھېچنېمە تاپالماپتۇ.
پادىشاھ كېچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە مۇختەر تۆ-شۈكتىن چىقىپ، تامغا تارتىپ قويۇلغان گىلەمنىڭ ئار-قىسىغا ئۆتۈۋاپتۇ، ئاندىن پادىشاھنى قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن نوقۇپ ئويغىتىپ، غەلىتە ئاۋاز بىلەن:
— مەن جان ئالغۇچى ئەزرائىل، بۈگۈن سېنىڭ رىز-قىڭ پۈتۈپ، ۋاقتى - سائىتىڭ توشتى، ئۆلۈمگە تەييار بولۇپ، ئامانەتنى تاپشۇر! — دەپتۇ. ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقۇپ گاڭگىراپ قالغان پادىشاھ:
— ماڭا رەھىم قىل، يەنە بىر ئاز ياشىۋالاي، نېمە خالىساڭ شۇنى ئال، جېنىمدىن باشقىنى تىلە، — دەپتۇ. مۇختەر ھەييار:
— مۇشۇ كېچىككىنە داخىر كالۋارىمنى ئالتۇنغا تولدۇرۇپ بەرسەڭ، ساڭا ھاياتلىق بېرىمەن، — دەپتۇ.
پادىشاھ ئالتۇن بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، پۈتۈن خەزى-نىسىدىكى ئالتۇننى ئاچىقىپ داخىر كالۋارنى تولدۇرالماپ-تۇ، قالغان قىسمىنى مۇختەر ھەييار ئۆزى بىرلا «سۇف» لەپ تولدۇرۇپتۇ.
— داخىر كالۋارنى تولدۇرالمىدىڭ، ئەمدى سەن قىرىق كۈنلا ياشىيالايسەن، — دەپ، ئەزرائىل قىياپىتىدىكى مۇختەر ھەييار غايىب بوپتۇ.
پادىشاھ جىمىكى ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئالدىغا چاقى-رىپ، كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— تەقدىر - پېشانە. ئەزرائىل جىنىمنى ئالغىلى كەلگەنىكەن، خەزىنىدىكى ھەممە ئالتۇننى بېرىپ، مىڭ بىر يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ يۇرۇپ جىنىمنى قىرىق كۈندىن كېيىن ئېلىشقا مۆھلەت ئالدىم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان كەمەك ھەييار ئۆتكەنكى كەچمىشلەرنى بىر-مۇبىر يادىغا ئېلىپ:

— ئەي زاتى ئۇلۇغ پادىشاھىم، ئۇ ئەزرائىل ئەمەس، مۇختەر ھەيياردۇر، — دەپتۇ.

— ۋۇي، ئۇنى ئورىغا كۆمۈپ ئۆلتۈرمىگەنمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ. كەمەك ھەييار:

— تەقسىر، ئۇنىڭ ھىيلىسى، پەم - پاراسىتى بىر خىسلەت، مېنىڭ ئەپسۇنلىرىممۇ كارغا كەلمىدى، — دەپ، ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ. پادىشاھنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ:

— سەن بۇگۈن مۇختەرنى تۇتۇپ كەلمەيدىغان بولساڭ، تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن ! — دەپتۇ پادىشاھ كەمەك ھەييارغا ئەمر قىلىپ. كەمەك ھەييار يەنە ئۆزىنىڭ قىرىق چىلتىنىنى ئەگەشتۇرۇپ مۇختەر ھەييارنى قوغلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار چۆل دىمەي، تاغ دىمەي، سۇ ۋە جاڭگال دىمەي ئات چاپتۇرۇپ مېڭىپ، مۇختەرنى نەق تەكلىماكانغا يېقىن بىر جايدىكى سايىدە ئۇخلاپ ياتقاندا قوغلاپ يېتىپتۇ. كەمەك ھەييار دەرھال چىلتەنلىرىگە:

— ئورا كولاپ، ئۆزۈڭلار ئورىنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈڭلار،

مەن مۇختەرنى ئويغىتىپ، ئۆزۈم ئورا تەرەپكە قاچىمەن، مەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى پۇتىغا سىرتماق سېلىپ تۇتۇڭلار، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

كەمەك ھەييار ئۇخلاۋاتقان مۇختەر ھەييارنى قىلىچە-نىڭ دەستىسى بىلەن ئۇرۇپتۇ. مۇختەر ھەييار ئويغىنىپ-تۇ، كەمەك ھەييار قېچىپتۇ. ئۇ سەكرەپ قويۇپلا كەمەك ھەييارنى قوغلاپ ئورىدىن ئاتلاپ ئۆتمەكچى بولغاندا، سىرتماققا چۈشۈپ قېلىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ. كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى قىرىق بىر يەردىن باغلاپ، چىلتەنلىرى بىلەن قورشاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ مۇختەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ:

— جاللات ! — دەپ ۋارقىراپتۇ - دە، ئۆزى تەختنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋاپتۇ. پۇتۇن تېنى قاپقارا، قارا ساقال قىرىق جاللات كىرىپ كەپتۇ - دە، پادىشاھقا:

— كىمنىڭ ئەجىلى يەتتىكىن، پادىشاھىم ؟ — دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

— مۇختەرنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار ! — دەپتۇ پادىشاھ. مۇختەر ھەييار كۈلۈپ قويۇپتۇ. پادىشاھ، بۇنىڭ كۈلگىنىگە قارىغاندا قىلىچ بىلەن چاپقانغا ئۆلمەي-دىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ:

— چاپماي، ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار ! — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ مۇختەر، — مەن ساڭا

ياماnلىقنى راۋا كۆرمەي، قەست قىلمىغانىدىم. مەن خالىد-
سام كۆزۈڭنى قارىغۇ، پۇتۇڭنى توكۇر، تىلىڭنى كېكەچ
قىلىۋېتەتتىم ياكى جېنىڭنى ئالغان بولاتتىم. سەن نامەرد-
لىك قىلدىڭ.

— دەرھال ئاچىقىپ دارغا ئېسىڭلار ! — دەپ
ۋارقىراپتۇ پادىشاھ.

قىرىق جاللات مۇختەرنى دار ئاستىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— مەن قەسەم ئىچىمەنكى، قاچمايمەن، ماڭا ئۆلۈم
ئالدىدا بىر يۇتۇم سۇ بېرىڭلار، — دەپتۇ مۇختەر ھەييار.
جاللاتلار مۇختەرنىڭ قەسىمىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا سۇ بې-
رىپتۇ. مۇختەر سۇنى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك چۆچىكىگە
قۇيۇپ:

— مەن قاچمايمەن دەپ قەسەم ئىچتىم، ئەمما ئۇچ-
مايمەن دېمىدىم، — دەپتۇ - دە، چۆچەكتىكى سۇنى
بېشىغا چېچىپ كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

مۇختەرنىڭ دارغا ئېسىلىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن پادى-
شاھ ۋەزىرلىرى ۋە كەمەك ھەييار بىلەن ئوردا پەشتىقىغا
چىقىپ قاراپ تۇرغانىكەن، كەپتەر ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۇ-
چۇپ ئۆتۈپ غايىب بوپتۇ. جاللاتلار ھاڭ - تاڭ بولۇپ
قاپتۇ. كەمەك ھەييار بىلەن پادىشاھمۇ ئاسمانغا قاراپتۇ،
ئەمما كەپتەرنى كۆرەلمەپتۇ. مۇختەر ھەييار شەھەرگە
چۈشۈپ، بىر مەدىكار قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كەمەك ھەييار خوتۇنى بىلەن

ياراشماقچى بوپتۇ، قازىلار: «ئۈچ تالاقتا يول يوق» دەپ ئۇنىماپتۇ.

— يول تېپىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ.

— يولى تەلى[1]، — دەپتۇ قازىلار.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كەمەك ھەييارنىڭ ئايالىنى تەلى قىلىش ئۈچۈن مەدىكار ئىزدەپ، ئۇنى مەدىكار قىيا- پىتىگە كىرىۋالغان مۇختەر ھەييارغا نىكاھلاپتۇ. ئەتىسى قازى باشلىق بىرقانچە كىشى خوتۇننى مەدىكاردىن ئاجرى- تىپ كەمەك ھەييارغا نىكاھلاپ قويماقچى بولۇپ ئۆيگە كىرسە، كەمەك ھەييارنىڭ خوتۇنى بىلەن مۇختەر ھەييار ياتقان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەيران بولۇپ، مۇخ- تەر ھەييارغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ئۇنى يەنە ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇختەر ھەممە ئالتۇنلارنى ئېلىپ ئۆز يۇرتى تەكلىماكانغا قايتىپ كەپتۇ.

① تەلى — باشقا كىشىگە نىكاھلاپ ئاجرىتىۋېلىش.

# ئېيىق ئەسلان

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ھازىر نامى ئۇچكەن ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. شۇ يۇرت پادىشاھىنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ قىزلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە، ئۇلارنىڭ كۆڭلى خالىغان يەرلەردە ئويناپ ـ كۈلۈشىگە يول قويىدىكەن.

بىر كۈنى ئاچا ـ سىڭىل ئۈچەيلەن ئويناپ ـ كۈلۈپ بىر تاغ باغرىغا كېلىپ قاپتۇ. ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغاچقا، بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ساپ ھاۋاسى ئۇلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋاپتۇ. ئۇلار بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن زوقلىنىپ شوخ كېپىنەكلەردەك يۈگۈرۈشۈپتۇ. يېشىل چىمەنلەر ئۈستىدە دومىلىشىپ ئويناشقىنىچە، كۆمۈشتەك سۈلىرى دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىن بويىغا كېلىپ قاپتۇ. قىزلارنىڭ چوڭى:

— ئەي سىڭىللار، بۇلاق سۈيى تەنگە داۋا، سۇغا چۆمۈلۈپ، يۇيۇنۇپ ـ تارىنىۋالايلى، — دەپتۇ ـ دە، سۇغا چۈشۈپ بېلىقتەك ئۈزۈپ ئويناپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى

سىڭلىسىمۇ چۈشۈپتۇ. ئۇلار تازا ئويناپتۇ. بىر چاغدا ئىككى ئاچىسى ئاپتاپقا قاقلىنىپ كىيىملىرىنى قۇرۇتۇپ كىيىنىپ بولۇپ، سىڭلىسىنى قايتىپ چىقىشقا ئۈندەپتۇ، لېكىن ئۇ چىققىلى ئۇنىماپتۇ. ئاچىلىرى ئۇنىڭدىن:

— ساڭا نېمە بولدى؟ چۈشۈۋېلىپ چىقمايسەنغۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ. كەنجى قىز يىغلامسىراپ:

— مېنىڭ كىيىمىم يوق تۇرىدۇ. بۇ يەردە بىزدىن باشقىمۇ ئادەم بار ئوخشايدۇ. مەن كىيىمسىز سۇدىن قانداق چىقىمەن؟ — دەپتۇ. ئاچىلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىڭلىسىنىڭ كىيىمىنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئۇلار شۇنداق پاتىپاراق بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر ئېيىق پەيدا بوپتۇ. ئەسلىدە كەنجى قىزنىڭ كىيىملىرىنى ئاشۇ ئېيىق تىقىپ قويغانىكەن. ئېيىق ئۇدۇل كەنجى قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ئۆشنىسىگە ئارتىپتۇ. كەنجى قىز تېپىچەكلەپ بېقىپتۇ، ۋارقىراپ بېقىپتۇ، لېكىن ئېيىققا كۈچى يەتمەپتۇ. ئىككى ئاچىسىمۇ ھېچبىر ئامال قىلالماي، قورققىنىدىن تۇرغان ئورنىدا بۇتتەك تۇرۇپلا قاپتۇ. ئېيىق كەنجى قىزنى ئېلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇلار يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىر ئۆز قېرىندىشىدىن ئايرىلىپ، ھەسرەت - نادامەتتە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئىككى قىزىنىڭ چىرايىدىكى ھەسرەت - نادامەتنى كۆرۈپ بىر شۇملۇقنى سېزىپ:

— سىڭلىڭلار قېنى؟ نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىزلار بولغان ۋەقەنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ لەشكەر چىقىرىپ مەلىكىنى ئىزدىتىپتۇ. لەشكەرلەر ئېقىن بويىغا كېلىپ، كەنجى مەلىكىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ، بىر ھەپتە ئىزدەپمۇ مەلىكىنىڭ قارىسىنى ئالالماپتۇ.

پادىشاھنىڭ چىرايى قىزىنىڭ دەردىدە كۈندىن - كۈنگە سارغىيىشقا باشلاپتۇ....

ئەمدى گەپنى ئېيىقتىن ئاڭلايلى:

ئېيىق كەنجى قىزنى يۇدۇپ ماڭغىنىچە ئۆزىنىڭ تۇرار جايى تاغ قاپتىلىدىكى غارغا ئەكەپتۇ. ئۇ مەلىكىنى غارغا ئەكىرىپ، غارنىڭ ئاغزىنى يوغان تاش بىلەن ئېتىۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ. مەلىكە تاشنى كۆچەپ ئىتتىرىپ باققان بولسىمۇ، تاش مىدىر - سىدىر قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىر كۆز يېشى قۇرۇپ، ماغدۇردىن كېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. كەچ كىرگەندە ئېيىق ئىككى توشقاننى كۆتۈرگىنىچە غارغا كىرىپ كەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، مەلىكە ئۆز تەقدىرىگە باش ئېگىپ، ئېيىق بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈندۈزى غاردا سولاقتا، كېچىسى ئېيىققا ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈپتۇ. بەزى كۈنلىرى ئېيىق ئۇنى تاغ باغرىغا ئەچىقىپ يۇيۇندۇرۇپ، سەگىتىپ كېلىدىكەن. كۈنلەر ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، ۋاقتى -

سائىتى توشقاندا، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. تۇغۇلغىنى ئادەم بالىسى بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن بەدىنى ئېيىقنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش تۈكلۈك ئىكەن، شۇڭا كەنجى مەلىكە بۇ ئوغۇلغا «ئېيىق ئىسلان» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. مەلىكە ئوغلىنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىپتۇ. يىللار ئۆتۈپ، ئېيىق ئىسلان ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئەقىل، كۈچ ـ قۇد- رەتكە تولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سولاقتا ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. بىر كۈنى ئانىسىغا:

— ئانا، بىز مۇشۇ غاردا ياشاۋېرىمىزمۇ؟ بىزمۇ يورۇق جاھانغا چىقىپ باقايلى، — دەپتۇ. مەلىكە:

— قانداق چىقىپ كېتىمىز؟ — دەپتۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ ھەم بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەپتۇ ـ دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ غارنىڭ ئاغزىغا كەپلەپ قويغان تاشنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىپ غارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. مەلىكە يورۇق دۇنياغا چىقىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئانىسىنى يەلكىسىگە مىندۈرۈپ تاغ باغرىغا چۈشكەندە، ئېيىققا ئۇچراپ قاپتۇ. ئېيىق ئۇلاردىن:

— نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ساڭا قارىساق كەلمەيسەن، سېنىڭ ئالدىڭغا كېتىپ بارغان، — دەپتۇ ئېيىق ئىسلان.

— مانا مەن كەلدىم، قايتايلى، — دەپتۇ ئېيىق. ئۇلار ئىككىسى ئېيىققا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئېيىق ئىسلان



كېتىپ بېرىپ قو-
لىغا ئادەم بېشىدەك
بىر تاشنى ئاپتۇ -
دە، چەنلەپ تۇرۇپ
ئېيىقنىڭ مېڭىسىگە
بىر قويۇپتۇ، ئېيىق
شۇ يەردىلا جان بې-
رىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار توپتوغرا پادى-
شاھنىڭ ئوردىسىغا
قاراپ مېڭىپتۇ.
ئۇلار تاغ باغرىغا
كەلگەندە، بىر ئادەم
ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— مەن تاغ باتۇرى بولىمەن، مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆت-
مەكچى بولغان كىشى يا ماڭا ئەل بولۇشى كېرەك، يا مې-
نى يېڭىشى كېرەك ! — دەپتۇ. ئېيىق ئىسلان بۇ گەپنى
ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ:

— قېنى، بىر ئېلىشىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئىككىسى ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۇنداق ئېلى-
شىپ كېتىپتۇكى، يەر - جاھان زىلزىلىگە كېلىپ، كۆك-
نى تۇمان بېسىپ، يەر يۈزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. ئۇلار
شۇ ئېلىشقىنىچە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ، ئېيىق

ئىسلان تاغ باتۇرنى يېڭىپ، ئۇنى ئەل قىلىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ يولىنى داۋام قىپتۇ. ئۇلار يولـ ـنى شۇنداق داۋام ئېتىپ كېتىۋاتقاندا، يەنە بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— مەن ئۇيقان باتۇر بولىمەن. مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشى يا ماڭا ئەل بولۇشى كېرەك، يا مېنى يېڭىشى كېرەك ! — دەپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئۇنىڭ بىلەنمۇ خۇددى تاغ باتۇرى بىلەن ئېلىشقاندەك ئېلىشىپتۇ. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن ئېيىق ئىسلان ئۇنىمۇ ئەل قىپتۇ. ئاندىن ئۇنىمۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر قويۇق ئورمانغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە، ئالدىنى بىر توپ يىرتقۇچ ھايۋانلار توسۇپتۇ. ئېيىق ئىسلان ھەمراھلىرى بىلەن ئاـ ـنىسىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، يېقىن كەلگەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يوقىتىپ، ياۋاش ھايۋانلارنى ئۆزلىرىگە بويسۇنـ ـدۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە:

— ئوغلۇم، ئاتامدىن ئايرىلغىلى ئون بەش يىل بولـ ـدى. ئۇلارغا ھېچبىر سوۋغات ئېلىۋالمىدۇق، مۇشۇ ھايۋانلارنى بولسىمۇ، ھەيدىگەچ بارايلى، — دەپتۇ. ئېيىق ئىسلان بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ ھەم ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوتۇن ئارتىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئېيىق ئىسلاننىڭ ئىككى ھەمراھى ھايۋانلارغا ئوتۇن ئارتىپتۇ. ئۇلار ئىشنى تۈگىـ ـتىپ يولغا راۋان بوپتۇ، خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن

پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقان-لىقىنى كۆرگەن خالايىق، يىغى كەلگەن چىغى، دەپ قور-قۇپ، بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ جەڭگە تەييارلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا لەشكەرلىرىنى باشلاپ چى-قىپتۇ. مەلىكە ئاتىسىنى كۆرۈپ يىراقتىنلا تونۇشلۇق بې-رىپتۇ. پادىشاھ كەلگەنلەرنىڭ ئۆز قىزى ۋە نەۋرىسى ئى-كەنلىكىنى بىلىپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. نەۋرىسى ھەيدەپ كەلگەن ئاجايىپ - غارايىپ ھايۋانلارنى كۆرۈپ قورقىنىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئوتۇنلار-نى چۇشۇرۇپ، ھايۋانلارنى بىر يەر-گە قامىۋېتىپ، پا-دىشاھنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ قىزى ۋە نەۋرىسى بىلەن ئامان - ئې-سەن كۆرۈشكەنلىكى ئۇچۇن پۇتۇن يۇرتقا كاتتا بەزمە قىلىپ بېرىپتۇ.



شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى راھەت -

پاراغەتتە، خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. كۈنلەر شۇنداق ئۆتىۋېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنى بىر ئىشقا سالماپ- تۇ. ئاخىر بىكارچىلىقتا ئىچى پۇشۇپ، بۇ تۇرمۇشقا كۆ- نەلمىگەن ئېيىق ئىسلان ئىككى ھەمراھىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار ياۋايى ھايۋانلارنى شۇنداق كۆپ ئوۋلاپتۇ، ئوۋلىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلار شۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. بىر كۈنى تاغ باتۇرنى تۇرالغۇدا قالدۇرۇپ، ئېيىق ئىسلان بىلەن ئوپقان ئوۋغا كېتىپتۇ. تاغ باتۇرى ئۇلار كەلگۈچە گۆش پىشۇرۇپ قويماقچى بولۇپ، گۆشنى قازانغا سايتۇ، بىراق ئوت ئۆچۈپ قېلىپ تۇتاشتۇرۇشقا ئامال قىلالماپتۇ. ئۇ ئوت ئىزدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ يىراق بىر دۆڭنىڭ كەينىدىن ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە قاراپ يوغان قىرنى ئۈچ ئاتلاپ، كىچىك قىرنى بىر ئاتلاپ يۈگۈرۈپتۇ. بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، چىرايلىرى بەتبەشىرە، بېشى ئەسكى سېۋەتتەك بىر موماي كالا تېزىكىگە ئوت يېقىپ قويۇپ، پىتىنى چاپناپ ئولتۇرغانىكەن. تاغ باتۇرى بۇنى كۆرۈپ كەينىگە يانماقچى بولغانىكەن، موماي:

— سەن نېمىگە كەلگەنىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوتقا كەلگەن.

— ئوتنى نېمە قىلىسەن؟

— گۆش پىشۇرىمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئوتنى ئال، — دەپ تاغ باتۇرىغا

تېزەكتىن بىرنى سۇنۇپ بېرىپتۇ موماي. ئەسلىدە ئۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىكەن.

تاغ باتۇرى تۇرار جايىغا قايتىپ كېلىپ، ئوتنى تۇتاشتۇرۇپ گۆش پىشۇرۇشقا باشلاپتۇ. گۆش پىشاي دېگەندە يەتتە باشلىق يالماۋۇز كېلىپ:

— ھەي تاغ باتۇرى، گۆشۈڭ پىشتىمۇ؟ پىشقان بولسا، ماڭا ئېلىپ بەر ! — دەپتۇ. تاغ باتۇرى ئۇنىماپتۇ. يەتتە باشلىق يالماۋۇز قازاننى ئېچىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. تاغ باتۇرى قىلىچ كۆتۈرگەنىكەن، يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىر بېشىدىكى مۈڭگۈز بىلەن ئۇنى باستۇرۇپ قويۇپ، قازاندا ھېچ نەرسىنى قويماي پاك - پاكىز يەپ، ئۇستىخانلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. كەچقۇرۇن ئېيىق ئىسلان بىلەن ئوپقان ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە، تاغ باتۇرى بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى تۇرالغۇدا ئوپقان باتۇر قاپتۇ. ئىش يەنە تاغ باتۇرى ئېيتقاندەك بوپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار ئۈچىلىسى ئوۋغا چىقماي يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا يەتتە باشلىق يالماۋۇز ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگە ئېيىق ئىسلان شۇنداق بىر قىلىچ ئۇرۇپتۇكى، ئالتە بېشى كېسىلىپ چۈشۈپتۇ. يالماۋۇز بىر بېشىنى ئېلىپ قېچىپتۇ، ئېيىق ئىسلان كەينىدىن قوغلاپتۇ. يالماۋۇز قاچا - قاچا، ئۆزى تۇرغان دۆڭنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، بىر قۇدۇققا سەكرەپ

چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ قۇدۇق ئەسلى يالماۋۇزنىڭ ئاستىنقى دۇنياغا بارىدىغان يولى ئىكەن. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، تاغ باتۇرى بىلەن ئوپقان باتۇر يېتىپ كەپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئوپقان باتۇرنى قۇدۇققا چۈشۈشكە بۇيرۇپتۇ. ئوپقان باتۇر قۇدۇقنىڭ يېرىمىغا چۈشكەندە قۇدۇقنىڭ تېگىدىن ئوت ئۆرلەپ چىقىپ، ئۇنى كۆيدۈرۈشكە باشلاپتۇ، ئۇ چىدىماي ۋارقىراپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋېلىپ، تاغ باتۇرنى چۈشۈشكە بۇيرۇپتۇ. تاغ باتۇرمۇ قۇدۇقنىڭ يېرىمىغا چۈشكەندە يەنە ئوت ئۆرلەپتۇ، ئۇمۇ نالە قىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئۇنىمۇ تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. ئاخىر ئېيىق ئىسلان ئۆزى چۈشۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇمۇ قۇدۇقنىڭ قاق يېرىمىغا چۈشكەندە تۆۋەندىن ئوت چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇ تۆۋەنگە قاراپ بىر تۇ-كۇرگەنىكەن، ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. ئۇ يەنە تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلاپتۇ. قۇدۇقنىڭ تېگى كۆرۈنگەندە، يەنە ئوت ئۆرلەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئوتنىڭ ئۇستىگە سىيىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوت ئۆچۈپ، ئېيىق ئىسلان ئامان - ئېسەن يەر ئاستى زېمىنىغا چۈشۈپتۇ. بۇ ئوت ئەسلى يالماۋۇزنىڭ سېھرىسى ئىكەن.

يالماۋۇز ئېيىق ئىسلاننى كۆرۈپ يەنە بەدەر قېچىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئۇنى قوغلاپتۇ. يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئۇدۇل يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا قېچىپتۇ. يەر ئاستى پادىشاھى يالماۋۇزنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى-

نى كۆرۈپ، ئاللا ـ توۋا كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي تۇرغان چاغدا، ئېيىق ئىسلان كىرىپ يالماۋۇزنىڭ قالغان بىر بېشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. يەر ئاستى پادىشاھى بۇنى كۆرۈپ:

— بۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى يەپ، بىزگە كۆپ بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەندى، سەن بىزنى بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇردۇڭ، — دەپ، ئۇنىڭغا كۆپ تەشەككۈر ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ يەر ئاستى پادىشاھلىقىدا تۇرۇپ قېلىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ، ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كاتتا بەزمە تەييارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېيىق ئىسلان يەر ئاستى شەھىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ يادىغا ئۆز يۇرتى، ئانىسى، بۇرادەرلىرى كېلىپ، چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچۈپ، غەمگە پېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەر ئاستى پادىشاھى:

— ئەي ئوغلۇم، نېمە سەۋەبتىن چىرايىڭدىن كۈلكە ئۆچۈپ، غەم ـ قايغۇغا پېتىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئۆزىنىڭ ئەسلىي زاتى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىپ، ئاخىردا:

— پادىشاھىئالەم، مەن ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىۋالسام، — دەپ ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— يەر ئۈستىگە پەقەت سەن چۈشكەن قۇدۇق بىلەنلا چىققىلى بولىدۇ. لېكىن، ئۇ يەردىن ئادەمنىڭ چىقىپ

كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر زادى چىقىپ كەتمىسەم بولمايدۇ دېسەڭ، بىر شەرت بار، شۇنىڭغا كۆنۈشۈڭ كې-رەك، — دەپتۇ.

— قانداق شەرت؟ — دەپ سوراپتۇ ئېيىق ئىسلان.

— ئۇ قۇدۇقتىن پەقەت مېنىڭ كىچىك قىزىملا ئۇ-چۇپ چىقالايدۇ. رازى بولساڭ، شۇ قىزىم بىلەن تويۇڭلارنى قىلىپ قويسام، بىرگە چىقىپ كېتىڭلار! — دەپتۇ پادى-شاھ. ئېيىق ئىسلان رازىلىق بىلدۈرۈپ، پەر ئاستى مەلى-كىسى بىلەن توي قىپتۇ. توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مە-لىكە ئېيىق ئىسلاننى ئۆشنىسىگە ئارتىپ يۇقىرىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ، بىر چاغدا يەر ئۈستىگە چىقىپتۇ.

يەر ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، پادىشاھ، ئاپىسى ۋە يۇرتتىكى ھەممە ئادەم قۇدۇق بېشىغا يىغىلىپ ئۇنىڭ چى-قىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ چىققاندىن كېيىن خەلق تەنتەنە قىپتۇ، ئېيىق ئىسلان بىلەن مەلىكىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھمۇ پۈتۈن يۇرتقا قىرىق بىر كۈن كاتتا توي - تاماشا قىلىپ بېرىپ-تۇ ۋە ئېيىق ئىسلاننى ئۆزىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېيىق ئىسلان يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، كېيىنكى ئۆمرىنى راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزۈپتۇ.

# نادان بىلەن گۈل

زامانى ئاۋۋالدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، شىكارنى ياخشى كۆرىدىكەن. شاھزادە بىر كۈنى قىرىق قاۋۇل مۇلازىم ۋە كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلار قەيەردە قارىغايلىق تاغ، مېۋىلىك باغ يولۇقسا، شۇ يەرگە چۈشۈپ سەيلە قىپتۇ، ئوۋ ئوۋلاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھزادە ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ، باش مۇلازىمنى ئارقىسىغا سېلىپ، بىر قارىغايزارلىقنى ئارىلاپ كېتىۋاتسا، يىراقتىن بىر توشقان كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە مىلتىقىنى بەتلەپ، توشقاننى چەنلەپ ئېتىپتىكەن، ئوق توشقاننىڭ سۆڭگىچىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كۆڭلى يېرىم بولغان شاھزادە بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ شۇ تەرەپكە بېرىپ قارىسا، ئاتقىنى توشقان ئەمەس، زىلچىدەك رەڭدار بىر مۈشۈك ئىكەن. مۈشۈك دىڭگۈسلاپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپتۇ، پۇتىغا ئۆزىنى سۈركەپ مىياۋلاپتۇ. شاھزادە پۇشايمان قىلىپ، مۈشۈكنىڭ يانپىشىنى سىلاپتۇ، بىراق

ئوق ئىزى ئەسلىگە كەلمەپتۇ.
— ھەي مۇلازىم، — دەپتۇ شاھزادە، — يېقىن ئەتراپتا ئۆي باردەك قىلىدۇ، مۇشۇككە ئۇۋال بوپتۇ، مۇشۇكنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ بوسۇغىسىدا يېتىپ ئەپۇ سورايلى.
— خوپ، تەقسىر! — دەپتۇ باش مۇلازىم توققۇز تەزىم قىلىپ.
ئىككىيلەن قونالغۇغا قايتىپ، يەنە بىر مۇلازىمنى ئېلىپ، ئۈچەيلەن دېھقانچە ياسىنىپ، ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ، مۇشۇككە ئەگىشىپ دەشتكە قاراپ قەدەم بېسىپتۇ، قۇم بارخانلىرىنى ئېشىپتۇ. مۇشۇك تاملىرى تۆكۈلۈپ تۈرىدىغان، ۋەيرانە بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. شاھزادە سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆينىڭ ئىشىكى ھەم باردەك، ھەم يوقتەك. شاھزادە ھەيران بولۇپ، مۇلازىملىرىغا:
— تەخىر قىلايلى، كۈتۈپ تۇرساق ئۆي ئىگىسى چىقىپ قالار، — دەۋاتسا، مۇشۇك بىر شوخلىق چىتنىڭ ئارىسىدىن ھويلىغا كىرىپ كېتىپتۇ، ھويلىنى بىر ئايلىنىپ مىياۋلاپتۇ. شاھزادە، ئىشىك مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، چىتنى قايرىپ ھويلىغا كىرسە، ئۆي ئىچىدە ئىككى قىز بالا گەپ تالىشىۋاتقۇدەك، ئۇلار پاتىمە - زۆھرە ئىسىملىك قوشكېزەك ئاچا - سىڭىل ئىكەن.
— ئەگەر ئەرگە تەگسەم، — دەپتۇ پاتىمە جاۋىلداپ، —



ناۋايغا تېگىمەن. شۇ چاغدا سىنىمۇ ئەكېتىپ، كۆزۈڭنى نانغا تويغۇزۇپ قويمىسام ھېساب ئەمەس.

— بەرىكەت تاپقىن، ماڭىمۇ خۇدايىم بېرەر، — دەپتۇ زۆھرە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— مەن تېخى ناۋايغا تەگسەم سەن پىتلىق ئارقامدىن بارمىغىيدىڭ ! خەپ توختا، باي ناۋايدىن بىرنى تېپىپ، پەشخۇننى كەڭرى ئېچىپ، كۆزۈڭدىن ئوت چىقىرىۋەتمە-سەم، — دەپتۇ پاتىمە كايىپ.

— سەنمۇ قاراپ تۇر، — دەپتۇ زۆھرە ئاچچىقىغا پاي-لىماي، — مەنمۇ پادىشاھنىڭ شاھزادىسىگە تېگىپ، كۆز - كۆز قىلمىسام.

پاتىمە زاڭلىق قىلىپ، تىزىغا شاپىلاقلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ ۋە:

— ھەي نەپسى بالا يېتىمەك، تۇرقۇڭ خۇددى يېلىم چۆچەك، ئەگەر سالساڭ بازارغا ئۆزۈڭنى، بىرەرمۇ بىراۋ ھەققىڭ ئۈچۈن نىمشەك كېپەك؟ ! ھالىڭغا بېقىپ ھال

تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت جۇمۇ ! — دەپتۇ.

زۆھرە ئەلەمدىن بوغۇلۇپ كۆز يېشىنى تۆكۈپتۇ. پاتىمە ئەزۋەيلىگىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا شاھزادە مۇلازىملىرىنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ تەزىم قىپتۇ شاھزادە بېشىنى ئېگىپ ۋە ئەھۋالنى بايان قىلىپ ئەپۇ سوراپتۇ.

پاتىمە مۈشۈكنى كۆرۈپ ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈپتۇ. زۆھرە شاھزادىلەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋېتىپ:

— ئاچا، ئاتا - ئانىمىزدىن ئايرىلىپ، قانات - قۇيرۇقىمىز قايرىلىپ، ئۆيىمىزگە كەلگەن مېھمان ئاران مۇشۇ. بۇلارمۇ مۇساپىرلاردەك قىلىدۇ. بىر مۈشۈك ئۈچۈن مۇنچە كايىپ، نامىمىزنى بۇلغىمايلى، — دەپتۇ.

پاتىمە جىمىپتۇ. مۈشۈك ئۇنىڭ قولىنى تاتىلاپ بوشىنىپ، زۆھرەنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى سۈركەپتۇ، ئاندىن شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپتۇ. شاھزادىنىڭ زۆھرە بىلەن مۈشۈككە ئىچى ئاغرىپتۇ، پاتىمەگە شەپقەت قىلغۇسى كەپتۇ - دە:

— ھالىڭلار خاراب، باغرىڭلار كاۋاپ ئىكەن، ئىككىڭلارنىڭ ھەۋىسى ھەم بۆلەكچە ئىكەن. بىز بىلەن بىرگە كەتسەڭلار قانداق؟ — دەپتۇ. پاتىمە بويىنىنى تولغاپ:

— بىللە كېتىمىشىمىز تېخى ! مال تۇرى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن. سىلەر بىزنىڭ، بىز سىلەرنىڭ خىلىڭلار

ئەمەس، مەرھەمەت، يول بولسۇن، كېتىشىڭلارغا رۇخسەت كايىـ
ماي ! ـــ دەپتۇ.
ـــ ئاكا، بىز نامرات سەھرا قىزلىرى، سىلەرگە ئار-
تۇق يۈك بولۇشنى راۋا كۆرمەيمىز، رەھمەت، بىزگىمۇ
خۇدايىم بار. كېتىشىڭلارغا ئىجازەت بەرسىلە، ـــ دەپتۇ زۆھرە ئىككى
قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ.
شاھزادە زۆھرەگە ئېچىنىپ قالغاندەك بوپتۇ - دە،
ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېتىپتۇ. مۇلازىملار سالا قىپتۇ. ئاچا -
سىڭىل نائىلاج بىللە كېتىشكە كۆنۈپتۇ ۋە ئۆيدىكى بارى -
يوق بىساتى ـــ مۇشۇكىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. شۇنداق
قىلىپ، شاھزادىلەر چۈشكەن يېرىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە
كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ ھەمراھلىرى ئارىسىغا بېرىپتۇ.
ـــ ھەزرەت ئالىيلىرى، ـــ دەپتۇ كېنىزەكلەر بىلەن
مۇلازىملار گۈلتاجلىرىنى قولىغا ئېلىپ، باشلىرىنى ئې-
گىپ، ـــ ئەكېلىپلا ئىككى گۈل - غۇنچە، مۇبارەك بول-
سۇن دەيلىمۇ ياكى غەملىرىنى يەيلىمۇ؟ جاۋاب بەرسىلە،
شاھزادە، بولسۇن كۆڭلىمىز ئازادە.
ـــ تونۇمايمىز دېمەڭلار، غېمىمىنىمۇ يېمەڭلار. مىس-
كىن ئىكەن تۇرمۇشى، ساقايسۇن دېدىم بېشى، پاتىمە
كىيسۇن دېدەكلىك كىيىمى، زۆھرە تاقىسۇن كېنىزەكلىك
گۈلتاجى، ـــ دەپتۇ شاھزادە.
ئاچا - سىڭىل ئىككىلەن بولۇۋاتقان ئىشلاردىن، بو-
لۇنۇۋاتقان گەپلەردىن ھەم ھەيران قېلىپ، ھەم ئۆيىدە

شاھزادىگە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن ئۆيلىپ تۇرغىنىدا، كېنىزەكلەر ئېلىپ مېڭىپتۇ، يۇيۇندۇرۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، شاھزادىنىڭ ئەمرى بويىچە كىيىندۇرۇپتۇ. زۆھرە كېنىزەكلەر قاتارىغا قىرىق بىرىنچى بولۇپ قېتىلىپتۇ.

شاھزادە ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنە شىكارغا ماڭماقچى بولۇپ، كېنىزەكلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەنىكەن، زۆھرە پە-رىزاتتەك كۆزگە تاشلىنىپتۇ. شاھزادىنىڭ يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈ-زۇپتۇ ۋە شىكار قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپتۇ ـ دە، دەرھال ئوردىغا قاي-تىپتۇ. ئوغلىنىڭ مۇددىئاسىدىن خەۋەر تاپقان شاھ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ، شاھزادىنى زۆھرەگە ئۆيلەپ قو-يۇپتۇ. پاتمەنى ناۋايغا ياتلىق قىپتۇ.



زۆھرە شاھزادە بىلەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن مەرتىۋىسى چەندان ئۆسۈپ،

دۆلىتى زىيادە بوپتۇ. سىڭلىسىنىڭ مەئىشەتلىرىنى كۆرگەن پاتىمە تۇرالماي قاپتۇ. «توۋا، — دەپتۇ ئۇ ياقىسىنى تۇتۇپ، — مەن ئاچا، ئۇ سىڭىل تۇرۇپ، مەن ناۋايغا، ئۇ شاھزادىگە تەگكەن نەدە بار؟ بالدۇرراق پادىشاھنىڭ ئوغلىغا تېگىمەن دەۋالسام بوپتىكەن، ھەي شۇم ئاغزىم! ھېلىمۇ كېچىكمەسمەن...» ئۇ ئەنە شۇنداق ئىچىنى ئۇۋاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زۆھرە ھامىلىدار بوپتۇ. شاھزادە خۇش بولۇپ، يېمەي يېدۇرۇپ، كىيمەي كىيدۇرۇپ خوتۇنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. زۆھرەنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاشقانسېرى پاتىمەنىڭ ئايىغى قويۇقلىشىپ، كۈندە دېگۈدەك سىڭلىسىنى يوقلاپ تۇرىدىغان بوپتۇ، شاھزادىنىڭ بۇرنىدىن كىرىپ - ئاغزىدىن چىقىپ، شەپقەتلىك قېيىنىگىچە بولۇۋاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شاھزادىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— مەلىكە كېيىك گۆشىگە سېزىك بوپتۇ. يەنە كېلىپ، شاھزادە ئۆز قولى بىلەن ئوۋلاپ، سويۇپ بەرمىسە يېمەيمەن، دەيدۇ. خوتۇن كىشى سېزىككە قانمىسا، بالا كەمتۈك تۇغۇلۇپ قالىدۇ ياكى ھايۋانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە ۋەھىمىگە چۈشۈپ، شىكار تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. يولغا چىقىدىغان چاغدا، مۈشۈك مىياۋلاپ ئورنى بېشىغا كىيىپتۇ، شاھزادىنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى سۈركەپ، ئۆتۈكىنىڭ پۆپۈكىنى چىشلەپ ئۆي تەرەپكە تارتىپتۇ. شاھزادە مۈشۈكنىڭ قىلىقىدىن ئەنسىزلىككە

پىتىپ، چارباغ تەرەپكە مېڭىپتۇيۇ، پاتىمەنىڭ: «شىكارغا چىقىدىغانلىقلىرىنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن، مەلىكىمۇ بىلـ. مىسۇن، بولمىسا ئىش چاتاق» دېگىنىنى ئەسلەپ، زۆھرە تۇرۇشلۇق چارباغدىن چەتلەپ مېڭىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە يولغا چىقىپ ئەتىسى كېچىدە زۆھرە پاقلاز. دەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پاتىمە بالىنى يۆگەككە يۆگەپ، سېۋەتكە سېلىپ، ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدى. غان دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ ـ دە، ئالدىن يوشۇرۇپ قويغان مايمۇننىڭ بالىسىنى ئەپلەك زاكىلاپ، سىڭلىسىنىڭ بىقىد. نىدا بىر چىرايلىق ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. زۆھرە ھوشىغا كې. لىپ قارىسا، تۇغقىنى بىر تۈكلۈك مايمۇن بالىسى ! ئۇ ئاھ ـ پەرياد ئۇرۇپتۇ، يېشى قار ـ يامغۇردەك تۆكۈلۈپتۇ. پاتىمە يالغاندىن تەسەللى بېرىپ:

— يىغلىما، سىڭلىم، خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ، ھېلىھەم جېنىڭ ئامان قالدى، شۈكۈر قىل ! ئېرىڭ تاشلىۋەتسە، مەن خەۋەر ئالىمەن، غەم يېمە، ئۇنى ـ بۇنى ئويلاپ يۈر. مە، ئېرىڭدىن شىكارغا چىقىشنىڭ سەۋەبىنى سورايمەن دېمە، — دەپتۇ.

— ماقۇل، جېنىم ئاچا، نېمە دېسەڭ ماقۇل، — دەپ. تۇ زۆھرە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆز يېشى بىلەن سەۋر قاچىسىنى تولدۇرۇپ.

شاھزادىنى ئىشق ـ مۇھەببەتتىن قايدۇرۇپ، مەلىكە زۆھرەدىن تاندۇرۇپ، ئۆزى مەلىكە بولۇشنى قەستلەپ

يۈرگەن پاتمە، ئىش جايىدىن چىقتى، شاھزادە ئالىقىنىغا چۈشتى، دەپ ئويلاپتۇ. يۈزىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپ، قېشىغا ئوسما قويۇپ، كىرپىكلىرىگە سۈرمە تارتىپ، سەكسەن ياڭزا كىيىنىپ، شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ.

پاتمەنىڭ كۈتكەن چاغلىرى يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە ئۈۋ كېيىملىرىنى ئېتىغا غانجۇغىلاپ شىكاردىن قايتىپتۇ. پاتمە ئوردا ئالدىغا چىقىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ:

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ كۆزى يورۇدى، مۇبارەك بولسۇن، شاھزادەم!

— مۇبارەك بولسۇن! پەرزەنت قاشقىرمۇ، تۈلكىمۇ؟

— سىلى سورىمىسىلا، مەن ئېيتماي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاتمە.

شاھزادە گۇمانسىراپ ئوردىغا كىرىپتۇ. قارىسا، مەلىكە زۆھرە چىرايى سۇنۇق، قاپاقلىرى تۈتۈق، چاچلىرى چۇۋۇق ئولتۇرغۇدەك. مۇشۇك مەلىكىنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگۈدەك. شاھزادە تەزىم قىلىپ، مەلىكىدىن ھال سوراي دەۋاتسا، پاتمە يوتقاننى شاپپىدە قايرىپ، تەتلىلا ـ كىمخابتا زاكىلاقلىق «بوۋاق»نى ئالدىغا ئەكەپتۇ. شاھزادە «بوۋاق»نىڭ يۈزىدىكى پەرەڭ ياغلىقنى قايرىپلا ۋارقىراپ تاشلاپتۇ.

پاتمە ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپتۇ:

— سۆيۈملۈكۈم شاھزادەم، كۆيۈملۈكۈم شاھزادەم، —

دەپتۇ ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋىنتىپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — سىڭلىمنىڭ رەڭگى تازا، ئىچى قارا ئىكەن، مانا تۇغۇپ بىر مايمۇن كۈچۈكى، كەلتۈردى ئالەمچە بالا - قازا.

ئاچىسىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئىچى كۆيۈپ، يۈرەك - باغرى پارە - پارە بولۇۋاتقان مەلىكە شاھزادىگە ئۆزىنى ئېتىپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ھېچ بىلمىدىم، شاھزادەم، نەدىن پەيدا بولدى بۇ مايمۇن بالا، يۈرەك باغرىم بولدى يارا. ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ نەگە بېرىپ، نەدە تۇراي؟ رەھىم قىلسىلا، شاھزادەم !

شاھزادىنىڭ دىلى يۇمشاپتۇ. «بۇمۇ ئۆزلۈكىدىن ئە- مەستۇ، خەير، بوپتۇ» دەپتۇ - دە، مەلىكىنى باغرىغا ئاپ- تۇ، تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپتۇ. پاتمە بولسا قو- لىنى چىشلەپ، يېڭى تاپانتۇزاققا ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. شاھزا- دە بىلەن سىڭلىسىنىڭ پوستىغا كىرىپ، ئامراق بىر تۇغ- قان - قېرىنداشلاردىن بولۇۋاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئۇچ ياز، ئۇچ قىش ئۇزاپ كېتىپتۇ. مەلىكە زۆھرەنىڭ بويىدا يەنە قاپتۇ. شاھزادە شىكارغا چىقماي بېقىپ يېتىپتۇ. پاتمە بىر چارە تېپىپتۇ.

— كۆز نۇرۇم سىڭلىم، ۋاپادارىم سىڭلىم، شاھزادە ئالدىدا قالمىدى ئىككى ئىلىك تىلىم، بۇ قېتىم ئادەم با- لىسى تۇغساڭكەن جېنىم، — دەپتۇ گەپ تېشىپ پاتمە.

زۆھرەمۇ ئاي ـ كۈنى يېقىنلاشقانسېرى بېشى قېتىپ، غەمگە پېتىپ يۈرگەنىكەن، ئاچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سوراپتۇ:

— جېنىم ئاچا، قانداق قىلسام ئادەم بالىسى تۇغ-مەن؟

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان. ئاۋۋىلەم باشتا بۇيرۇغان دورامنى رەت قىلماي يېيىش ھەققىدە ۋەدە بېرىسەن، ئان-دىن يەنە دورا بۇيرۇيمەن. بولمىسا، نېمە تۇغساڭ تۇغ، — دەپتۇ پاتىمە. زۆھرە تىزلىنىپ، يالۋۇرۇپ ۋەدە بېرىپتۇ.



— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پاتىمە مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا پى-چىرلاپ، — مۇ-شۈك ئادەم مە-سەللىك نەرسە، ئۇنىڭ گۆشىنى يېسەڭ، جەزمەن ئادەم بالىسى تۇ-غىسەن. ئەمما، مۇشۈكنى ئېرىڭ ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ بېرىشى

شەرت. قالغىنىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

— رەھمەت، جان ئاچا، دېگىنىڭنى قىلاي. بىر قىز توغۇپ باغرىمغا باساي، شاھزادىنىڭ قالغان كۆڭلىنى ئالاي، — دەپتۇ مەلىكە زۆھرە ۋە شاھزادىگە مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە نائىلاج ماقۇلغا كەپتۇ.

پاتىمە مۈشۈكنى ئۇرۇپ ئۆيدىن تەزدۈرۈۋەتكەن، مۈشۈك ئۆزىنى ياقىغا ئالغانىكەن. شاھزادە مۈشۈكنى تاپالماي جىلە بوپتۇ، باشقىلارغا ئېيتىشتىن ئۇيىلىپتۇ، ئاخىر پاتىمەنىڭ مەسلىھەتىنى ئاپتۇ.

— مۈشۈكنىڭ جېنى تۇيغان ئوخشايدۇ. بىلسەم - بىلمىسەم قەدىم جايىمىزغا بېرىۋالدى، كاتىنىڭ ئاستىغا مۆكۈنىۋالدى. تۇتۇپ كەلمىسىلە، مەلىكىنىڭ ئىشى چاتاق. خەلقئالەم ئىچىدە تۇگەيدۇ نامۇ ئاتاق، — دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ پاتىمە.

شاھزادە پاتىمەگە رەھمەت ئېيتىپ، مەلىكىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يولغا چىققان كېچىسى مەلىكە زۆھرەمۇ كۆزى يورۇپ، تولۇن ئايدەك بىر قىز تۇغۇپتۇ. پاتىمە بۇ بالىنىمۇ جاڭگالغا تاشلىۋېتىپتۇ - دە، ئالدىن تەييارلاپ قويغان ياۋا توڭگۇزنىڭ بالىسىنى چىرايلىق زاكىلاپ، سىڭلىسىنىڭ بېقىنىدا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. زۆھرە ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئىچىدە ياتقىنى سالپاڭ قۇلاق توڭگۇز كۈچۈكى! زۆھرە ئاھ ئۇرۇپ، نالە قىلىپ

ھوشىدىن كېتىپتۇ. پاتىمە ئەل ئىچىگە سۆز - چۆچەك تارقىتىپ، ھەر قەدەمدە قىچا ئۇرۇقى چېچىپتۇ. بويىنى كالا سۈتىدە يۇيۇپ، ئىشىك يوچۇقىدىن ماراپ، كۈندە يۈز ۋاخ ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنى تۈزەپتۇ، مىڭ ياڭزا ياسىنىپ، شاھزادىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. شاھزادە قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ. كېنىزەكلەر، مۇلازىملار ئوردا ئالدىدا ئۇنى كۈتۈۋاپتۇ. پاتىمە ئوردا ئىشىكىدىن نايىناقلاپ چىقىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— شاھزادەم، — دەپتۇ ئۇ قولىدىكى زاكىلاقلىق «بوۋاق»نى تەڭلەپ، — پەرزەنتلىرىنى كۆرۈۋالسىلا، ئارزۇلۇق مەلىكەمنىڭ كارامىتىنى بىلىۋالسىلا.

شاھزادە بوۋاقنى كۆرۈپلا نومۇستىن ئېسىنى يوقىتىپتۇ. كېنىزەكلەر يەردە غىڭشىپ تېپىرلاۋاتقان توڭگۇز كۈچۈكىگە قاراپ كۈلۈپ زاڭلىق قىلىشىپتۇ. مۇلازىملار ياقىلىرىنى چىشلەپ، توۋا - ئىستىغپار ئېيتىشىپتۇ. شاھ توپان بالاسى كەلسە ئوشۇقىغا ئالمايدىغان، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان ئادەم ئىكەن. پاتىمە بۇ ئاھانەت ئۈچۈن شاھ زۆھرەنى دارغا ئاسماي قالمايدۇ، ئەمدىغۇ شاھزادە مېنىڭ بولار، دەپ ئاغزىنى تاتلىق، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگىنىدە، شاھ شەھەردىكى ئۆلىما، ھۆكۈما، دانىشمەن، قۇرئەندازلارنى مەسلىھەتكە چاقىرتىپتۇ. تالاش - تارتىش قىزىپ كېتىپتۇ.

— مەلىكە زۆھرەنى دارغا ئاسقۇلۇق، — دەپتۇ

بەزىلەر.

— ھايۋان تۇغقان مەزلۇمنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرەتىپ ئۆلتۈرگۈلۈك، — دەپتۇ يەنە بەزىلەر.

— دەشت - باياۋان، چۆل - جەزىرىلەرگە پالاپ، نەسلىنى تۈگەتكۈلۈك، — دەپتۇ بەزىلەر.

— يالىڭاچلاپ كوچىدا سازايى قىلىپ، خالايىقنى ئىبرەت ئالدۇرغۇلۇق، — دەپتۇ يەنە بەزىلەر.

ئۇ دېمەك، بۇ دېمەك، كۆپچىلىك بىر كۈن تالىشىپتۇ، ئىككى كۈن تالىشىپتۇ، بىر توختامغا كېلەلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا سورۇنغا يېڭىلا كىرىپ كەلگەن بىر دانىشمەن:

— ئۇلۇغ شاھئالەم، مەلىكە زۆھرەنىڭ ئۇدا ھايۋان تۇغۇشى شاھزادىدىنمۇ ياكى ئۆزىدىنمۇ ۋە ياكى باشقا بىرىنىڭ شەيتانلىقىدىنمۇ بىلىپ بولمايدۇ. مەلىكىنى زىندانغا تاشلاپ ئوبدان بايقاپ باقساق بولارمىكىن، — دەپتىكەن، ئۇنىڭ مەسلىھەتى ھەممىگە يېقىپتۇ. شاھ مەلىكە زۆھرەنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. زىندان ئىشىكىدە پايلاقچى قويۇپتۇ.

ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ، مەلىكە ئۆلمەپتۇ، پاتىمەمۇ شاھزادىگە تېگەلمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئىككى ھايۋان بالىسىنىڭ تۇرۇپلا بىر جۈپ ئوغۇل - قىزغا ئايلىنىپ، ئەركىلەپ مەلىكە زۆھرەنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ قولىنى سوزۇپ باللارنى قېشىغا چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئويغانسا،

يۇرىكىگە بىر پارچە ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ، زىندانغا يې-
تىپ بېرىپتۇ ۋە شام يېقىپ قاراپ، يەتتە قات يەر ئاستى-
غا كولانغان زىنداندا بېلىنىڭ تۈۋىنى قان - زەرداپقا چى-
لىنىپ تۇرغان زۆھرە ۋە ئۇنىڭ قېشىدىكى تەكچىدە دۆۋى-
لىنىپ كەتكەن سۆڭەك ۋە نازۇنېمەتلەرنى كۆرۈپتۇ. مەلىكە
بولسا، كۈنگە يېرىم ھېجىر ئۇماچ بېرىلگىنىگە قارىماي
ئايدەك جامالىدىن قالماپتۇ. شاھزادە ھەيران بولۇپ
سوراپتۇ:

— ئەي مەلىكە، ئېيتە، ساڭا گۆش بىلەن نازۇنېمەتنى
كىم بەردى؟

مەلىكە زۆھرە يۈزىنى ئۆرۈپ جىم تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە
گۈندىپايغا كايىپتۇ.

— ھاڭۋاقتى ! سەن نېمىنى باقتىڭ؟ نېمىگە قاردى-
دىڭ؟ مەلىكىنىڭ شېرىكىنى تۇتۇپ كۆزۈمگە كۆرسەتمەي-
دىكەنسەن، كاللاڭنى قولتۇقۇڭغا قىسىپ قويىمەن !

— خوپ، تەقسىر ! — دەپ تىك تۇرۇپتۇ گۈندىپاي
ۋە كېچىسى بىر بۇلۇڭغا پۇختا جايلىشىپ، كۆزىنى ئۇزمەي
پايلاپ ئولتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە بىر مۇشۈك
مىسىدە كېلىپ، مەلىكە زۆھرە ياتقان زىندان ئىشىكى
زەگۈندىسىنىڭ تېگىدىكى كامارغا بېشىنى تىقىپتۇ. مۇ-
شۈكنىڭ ئاغزىدا بىر خالتا چىشلەكلىك ئىكەن. گۈندىپاي
مۇشۈكنى كاپپىدە تۇتۇپتۇ - دە، خالتىدىكى گۆش، نازۇ-
نېمەتلەر بىلەن قوشۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ-

تۇ. شاھزادە بىر قاراپلا مۈشۈكنىڭ بەش يىل ئىلگىرى يوقىلىپ كەتكەن ئۆز مۈشۈكى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ ـ دە:

ــ سەن ھارامزادىگە يولۇقمىغان بولسام، بېشىمغا مۇنچە دىشۋارچىلىقمۇ كەلمەس ئىدى. ھەممە بالانى ئۆزۈڭ تېرىپ، يەنە مەلىكىگە ئوغرىلىقچە تاماق توشۇپ بەرگىنىڭ نېمىسى؟ ! سېنىڭ بارىڭدىن يوقالغىنىڭ خوپ ! ــ دەپلا مۈشۈكنى گۈندىپاينىڭ قولىدىن ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. مۈشۈك ئېچىنىشلىق مىياۋلاپتۇ. گۈلدۈر ـ غالاپىنى ئىـ شىتكەن پادىشاھ يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىپتۇ.

ــ بۇ مۈشۈكتە بىر خىسلەت باردەك قىلىدۇ، قويۇپ بېرىڭلار ! ــ دەپتۇ شاھ شاھزادە بىلەن گۈندىپاينىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ.

مۈشۈك ئۈچ دومىلىنىپ، يانپېشىنى سۈرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھزادىنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى سۈركەپتۇ. شاھـ نىڭ ئالدىغا بېرىپ، زوڭ ئولتۇرۇپ بېشىنى ئۈچ قېتىم ئېگىپتۇ. شاھ ھەيران بولۇپ:

ــ ھەي مۈشۈك، قورسىقىڭدا باردەك قىلىدۇ لەكمىڭ سۆزۈڭ، تىلىڭ بولسىمۇ ئېيتار ئىدىڭ، ــ دەپتۇ. مۈشۈك بىر تولغىنىپلا تىك تۇرۇپ زۇۋانغا كەپتۇ:

ــ ھەي ئۇلۇغ شاھىنشاھىم، ئېيتاي مەن دەردۇ ھالىم، ساقىت بولسۇن بوينۇمدىن يوكلىنۋالغان ئۇ قەرزىم، ــ دەپ ئادەمگە ئوخشاش نەزم ئوقۇپتۇ ۋە شاھزادە بىلەن پاتمە ـ

زۆھرەلەر تىپىشقاندىن بۇيانقى ئۆي ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ كېلىپ، — مەلىكەم تۇغقان ئوغۇل دەريانىڭ ئايىغىدىكى بېلىقچى بوۋاينىڭكىدە، قىز جاڭگالدا ئولتۇرۇشلۇق مومايىنىڭكىدە. ئوغۇل سەككىز ياشقا، قىز بەش ياشقا كىردى، — دەپتۇ ۋە گېپىنى مۇنۇ نەزم بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپتۇ:

بولمىغاچقا ئۇ چاغ زوۋان،
ئەيلەلمىدىم ئەرزىم بايان.
پەرق ئەتكەي دېدىم،
كۆتتۇم، كىم ياخشىدۇر ۋە كىم يامان.



شاھزادە مۇشۇكىنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ ئەپۇ سوراپتۇ. شاھ تۆت ياساۋۇلنى بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئوتۇنچى مومايىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار بوۋايغا ئوغلىنى، مومايغا قىزىنى يېتىلىتىپ، پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي، زەررە ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي شاھنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ بوۋاي بىلەن موماي شاھ ئالدىدا تىزلىنىپ، بېشىنى ئېگىپ، — گۇناھىمىزنى بىلمىدۇق، چاقىرتىپتىكەنلا خوپ دېدۇق. نېمە پەرمانلىرى باركىن، ئاڭلاپ كەتسەك ئىدۇق.

شاھ ئۇلارنى كۆرپىدە بەھۇزۇر ئولتۇرۇشقا تەكلىپ

قىلىۋېتىپ، ئوغۇل بىلەن قىزغا سىنچىلاپ قاراپتىكەن، ئوغۇل شاھزادىگە، قىز مەلىكە زۆھرەگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇرغۇدەك. شاھ ئىچىدە خۇش بولۇپ، تېشىدا دەرگۇمانغا تولۇپ سوراپتۇ:

— باللار ئۆزۈڭلارنىڭمۇ؟

بوۋاي بىلەن موماي:

— يوقسۇ، ھەزرەتلىرى، باللارنى تېپىۋالغان، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

— قېنى، قانداق تېپىۋالغان؟ سۆزلەڭلار! — دەپتۇ پادىشاھ.

بوۋاي سۆز ئاپتۇ:

— پېقىر، — دەپتۇ ئۇ ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ئەتىگەنلىكىم چۇشكە، چۇشلۇكۇم كەچكە يەتمەيدىغان، دەرياغا تور سېلىپ جان باقىدىغان بويتاق ئادەم ئىدىم. بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن تازا مۇشۇ كۈنلەردە بېلىق تۇتقىلى دەريا بويىغا بارسام، سۇدا بىرنېمە بىر چۆكۈپ ـ بىر لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ. سۇزۇپ قارىسام، سېۋەتكە قاچىلانغان ئوغۇل بالا ئىكەن. ئوغۇل بولغاندىمۇ تولۇن ئايدەك چىرايلىق، پاقلاندەك سېمىز، تىمەن بوۋاق ئىكەن. بالىنى سۇغا تاشلىۋەتكەن تاش يۈرەك ئانىغا يۈزمىڭ لەنەت ئوقۇپ، بالىنى قوينۇمغا سولاپ ئۆيۈمگە قايتۇرۇپ كەلدىم. ئۆيۈمدە تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭدىن باشقا بىسات يوق ئىدى. ئوقىتىم ئاققان كۈنلىرى بىرەر توغرام نان تاپسام

بالا بىلەن بىرگە روزانە قىلىپ، تاپالمىغان كۆنلىرى شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ، ئۇنى مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلدىم. قازارا، جان ئۈزۈپ كەتسەم، بىچارە بالا نەلەردە تېنەپ، كىملەرنىڭ ئىشىكىدە دوقۇرۇپ يۈرەر، دەيتتىم. ھەزرەتلىرىنى خۇدا يەتكۈزدى، خوش بولاي، بالىنىڭ ئىگىسىنى تاپتۇرۇپ بەرسىلە، جېنىم تېنىمدا ئامانەت چېغىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇۋېتەي.

بوۋاي دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپ، نۆۋەت مومايغا كەپتۇ.

ـــ مەن، ـــ دەپتۇ موماي قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ـــ جاڭگالدىن ئوتۇن تېرىپ سېتىپ جان باقىدىغان تۇل خوتۇن ئىدىم. بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن تازا مۇشۇ كۈنلەردە ئوتۇن تەرگىلى جاڭگالغا بارسام، ئالەمگە يېڭىلا كۆز ئاچقان مۇشۇ بالا داق يەردە يىغلاپ ياتىدۇ. بالا بولغاندىمۇ تولۇن ئايدەك چىرايلىق، پاقلاندەك سېمىز، تىمەن بوۋاق ئىكەن. بالىنى جاڭگالغا تاشلىۋەتكەن تاش يۈرەك ئانىغا يۈزمىڭ لەنەت ئوقۇپ، بالىنى ئېتىكىمگە يۆگەپ، ئۆيۈمگە قايتۇرۇپ كەلدىم. ئۆيۈمدە تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭدىن باشقا بىسات يوق ئىدى. ئوقىتىم ئاققان كۈنلىرى بىرەر توغرام نان تاپسام بالا بىلەن بىرگە روزانە قىلىپ، تاپالمىغان كۈنلىرى شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ، مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلدىم. قازارا، جان ئۈزۈپ كەتسەم، بىچارە بالا نەلەردە تېنەپ، كىمنىڭ ئىشىكىدە دوقۇرۇپ

يۇرەر، دەيتتىم. ھەزرەتلىرىنى خۇدا يەتكۈزدى، خۇش بولاي، بالىنىڭ ئىگىسىنى تاپتۇرۇپ بەرسىلە، جېنىم تېنىمدا ئامانەت چېغىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا تاپ-شۇرۇۋېتەي.

مومايىنىڭ دەيدىغىنى توگەپتۇ. شۇ ئارىدا مەلىكە زۆھ-رە زىنداندىن ئازاد قىلىنىپ، ھامامدا يۇيۇندۇرۇلۇپ، مە-لىكە كىيىمى كىيدۇرۇلۇپ ياساندۇرۇپ قويۇلغانىكەن. شاھ ئۇنى چاقىرىپ كىرىپ، بوۋاي بىلەن مومايغا:

— بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شاھزادە بىلەن مەلىكە زۆھرە، — دەپتۇ.

بوۋاي بىلەن موماي ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ، شاھقا رەھ-مەت ئېيتىۋاتقاندا، شاھزادە بىلەن مەلىكە زۆھرە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئېتىپ يۇزمىڭ رەھمەت ئېيتىپتۇ، بالىلى-رىنى باغرىغا بېسىپ، كۆز ياشلىرىنى توكۇپتۇ. مۇشۇك بارىكاللا ئەيلەپ، چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پاتمەگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەپتۇ.

سىر ئېچىلغاندىن كېيىن، شاھ شەھەر خەلقىنى يى-غىپ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مەلىكىنىڭ توغۇت تويىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بوۋاي بىلەن مومايىنى چارباغدىكى مەخسۇس قورۇغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكۈچە ھالىدىن خەۋەر ئالماق بوپتۇ. موللا ـ ئۆلىمالارنىڭ پە-تىۋاسىغا ئاساسەن، پاتمەنى دارغا ئېسىپ، كاللىسىنى شەھەر دەرۋازىسىغا مىخلاش يارلىقى چۈشۈرۈپتۇ. ئىككى

جاللات ئۇنى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە دار ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پاتىمە تىزلىنىپ، بىر ئاغزىدا مىڭ قېتىم توۋا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، پادشاھتىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ.

— بوپتۇ، ئاچام قىلغاننى مەن قىلماي، ئۇنى قويۇۋەتسىلە، ئادەم بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە شاھقا مۇراجىئەت قىلىپ.

— خەير، بوپتۇ، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، لېكىن پاتىمە ھۆزۈرۈمدىن كەتسۇن، باشقا شەھەرگە بېرىپ كۈنىنى كۆن ئەتسۇن! — دەپتۇ شاھ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە زۆھرە پاتىمەگە ئۆن قېچىر دۇنيادەپىنە، مال - مۈلۈك، ئوزۇق - تۈلۈك جابدۇپ، ناۋاي ئېرىنى قوشۇپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.



# يولۋاسنىڭ مۈشۈكنى ئۇستاز تۇتۇشى

بۇرۇنقى زاماندا يولۋاس قويۇق ئورماندا باشقا ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بىرگە ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى چوڭ، سۇرلۇك ھەم سالاپەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ھۇرۇن ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئوۋ ئوۋلاشنى بىلمىگەچكە، ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ تاپلىرىنى قاغا - قۇزغۇنلار بىلەن بىللە يەپ جان باقىدىكەن.

ئاي، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يولۋاس بۆرە، تۈلكە دېگەندەك گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاشتىكى ماھارىتى-نى كۆرۈپ، ئۆز كۆڭلىدە، بۇلار مەندىن كىچىك، ئەمما باشقا ھايۋانلار ئۇلاردىن ئەيمىنىدۇ. مەندىمۇ ئاشۇلاردا بول-غان ماھارەت بولغان بولسا، مۇنداق بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق يۈرمەس ئىدىم، دەپ ئويلاپتۇ. تۈلكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، ئوۋ ئوۋلاشتىكى ماھارىتىنى ئۆزىگە ئۆگىتىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. تۈلكە يولۋاسقا ھېجىيىپ تۇرۇپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ - دە، ئۇ-نى كەينىگە سېلىپ ئورماننى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. يولۋاس

تۈلكىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ تازا ھارغان بولسىمۇ، چىداپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ، مىڭىپ - مىڭىپ بىر ئوچۇقچىلىققا كەلگەندە، تۈلكە يولۋاسقا قاراپ:

— قارا، ئاۋۇ يەردە بىر توشقان تۇرىدۇ. مەن ساڭا قاراپ تۇراي، يەر بېغىرلاپ ئاستا شەپە چىقارماي بېرىپ بىرنەچچە قەدەم قالغاندا ئېتىل - دە، ئۇنى تۇتۇپ ئالدىمغا ئېلىپ كەل، — دەپتۇ. يولۋاس تۈلكىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە قورسىقىنى يەرگە چاپلاپ ئاستا كېلىپ توشقانغا بىرنەچچە قەدەم قالغاندا ئۆزىنى ئۇنىڭغا بىر ئاتقانىكەن، قاپقانغا چۈشۈپ قالغىلى تاس قاپتۇ. تۈلكە ھىجىيىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، ئۆۋچىنىڭ يەمچۈك قىلىش ئۈچۈن قويۇپ قويغان ئۆلۈك توشقىنىنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ. يولۋاس تۈلكىنىڭ يۈزسىزلىك قىلغانلىقىنى، ئۆزىنى قاپقانغا دەسسەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ كۆڭلىدە غەزەپلىنىپتۇ، بىراق تۈلكىگە چېقىلىشقا كۆزى يەتمەپتۇ.

ئۇ غەمكىن كېتىۋاتقاندا، سۇ بويىدا بىر كېيىك بالىسىنى مەززە قىلىپ يەۋاتقان بۆرىگە يولۇقۇپ قاپتۇ - دە، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئۇنىڭغا يىراقتىن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. قورسىقى راسا تويغان بۆرە يولۋاسقا كېيىك بالىسىنىڭ چالا غاجىلانغان ئۇستىخىنىنى تاشلاپ بېرىپتۇ. يولۋاس بۆرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئوۋ ئوۋلاشتىكى ماھارىتىنى ئازراق بولسىمۇ ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. يولۋاسنىڭ بۇ گېپىد-

نى ئاڭلىغان بۆرە غەزەپلىنىپ:

— ھەي لەقۋا، سەن ئىلتىپاتىمغا قانائەت قىلماي، يەنە ھۈنىرىمنى ئۆگەنمەكچىمۇ؟ مانا ساڭا ! — دەپتۇ - دە، يولۋاسقا بىر ئېتىلىپلا ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى قانغا بويىۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتۈپ يولۋاسنىڭ ئاچلىقتىن جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ ياتقاندا، ئالدىدا بىر مۈشۈك دانلاۋاتقان بىر توپ ياۋا كەپتەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كېلىپ، تۇيۇقسىز ئېتىلىپ بىرىپ بىر كەپتەرنى تۇتۇۋېلىپ، مەززە قىلىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كىچىك بىر مۈشۈكنىڭ ئۆز ئولجىسىنى شۇنچە ئەپچىللىك بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى كۆرگەن يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى ھەسەت ئوتى قاپلاپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى كەپتەرنى تارتىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ-



نىڭغا كۆزى يەتمەپتۇ ۋە كۆڭلىدە، مانا بۇ مۇشۇككىمۇ بىر دەپ باقاي، ئۆز ھۇنىرىنى ئۆگىتىپ قويسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپ، مۇشۇكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە:

— سالام، مۇشۇكجان، ئوۋ ئوۋلاشتىكى ماھارەتلىرى ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن. سىلى ماڭا ئۇستاز بولۇپ بۇ ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىپ قويغان بولسىلا، — دەپتۇ.

مۇشۇك يولۋاسنىڭ سۇرلۇك تەلەتىدىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

— مەن جانابلىرىدىن كىچىك تۇرسام، ئۆزلىرىگە قانداق ئۇستاز بولالايمەن؟ — دەپتۇ. يولۋاس مۇشۇككە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى، غۇربەتچىلىك تۇرمۇ- شىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇك يولۋاسقا ئۆز ھۇنىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشقا رازى بوپتۇ - دە:

— سىلى مېنىڭ ئۆگەتكىنىم بويىچە ئىش كۆرسىلە، تېز مۇددەتتە ئوۋ ئوۋلاش ماھارىتىنى ئۆگىنىپ بولالايلا، — دەپتۇ.

— چوقۇم ئۇستازىمنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئىش كۆرىمەن، — دەپتۇ يولۋاس.

— ئوۋ ئوۋلاشتا باتۇرلۇق، كۈچ، چەبدەسلىك بولۇپلا قالماي، يەنە ئەقىل - پاراسەت بولۇشى كېرەك. ئۈزلۈك- سىز تىرىشىش، جاپالىق مەشىقنى داۋاملاشتۇرۇش — بۇ ماھارەتنى ئىگىلەشنىڭ مۇھىم شەرتى. شۇڭا، سىلى



هازىردىن باشلاپ ھەر كۈنى بىرنەچچە چاقىرىم تېز سۈر-ئەتتە يۈگۈرۈپ بەدەن چېنىقتۇرسىلا، ئاندىن مەن ئوۋ ئوۋلاش ماھارىتىمنى ئۆگىتىشكە باشلاي، — دەپتۇ مۈشۈك.

شۇنىڭ بىلەن مۈشۈك يولۋاس بىلەن بىرگە مەشىق قىلىشنى باشلاپتۇ.

مۈشۈك يولۋاسقا ھەر خىل پاناھلىنىش ئۇسۇلى، يۈ-گۈرۈش سۈرئىتى، قارشىلىق كۈچى، يولنى توسۇش، شەپە چىقارماي يېقىنلىشىش، ئىزىغا چۈشۈش، پەيت كۈتۈش، نىشان بەلگىلەش، قالايمىقان قىلىش، ئىسكەنجىگە ئېلىش، زەخىملەندۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى تەپسىلىي سۆزلەپ مەشىق قىلدۇرۇپتۇ. يولۋاسمۇ جاپاغا چىداپ مەشىق قى-لىپ، مۈشۈكنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئوۋ ئوۋلاشقا كى-رىشىپتۇ ۋە مەززىلىك ئىسسىق گۆشلەرنى يەپ كۈچلى-نىشكە، كۈچەيگەنسېرى ئورماننى ئايلىنىپ يۈرۈپ قورسى-قى توق بولسىمۇ كۆڭلى خالىغان ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشكە

باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورماندىكى بارلىق ھايۋانلار يولۋاستىن قورقىدىغان بوپتۇ، ھەتتا بۆرە ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندايدىغان، تۈلكىمۇ كۈنگە نەچچە قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرىدىغان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈلكە يولۋاسنىڭ ئالدىدا نەچچە پۇكلىنىپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ:

— پۈتۈن ھايۋانلار، يولۋاس ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ مۈشۈكنىڭ شاگىرتى، ئۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، دېيىشىۋاتىدۇ، — دەپ، يولۋاس بىلەن مۈشۈكنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق ساپتۇ. يولۋاس كۆڭلىدە، مەن پات ئارىدا پۈتۈن ئورماندىكى ھايۋانلارغا پادىشاھ بولىمەن، بۇ چاغدا بۆرە مېنىڭ ئوردا ياساۋۇلۇم، تۈلكە ۋەزىرىم بولىدۇ. بىراق، مۈشۈ مۈشۈك دېگەن بىرنېمىنى مېنىڭ ئۇستازىم دەپ يۈرسەم ئابرۇيۇمغا سەت ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپ، مۈشۈكنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى يولۋاس بىلەن مۈشۈك ئورماننى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، ناھايىتى باراقسان، كۆركەم ئۆسكەن بىر گۈلزارلىققا كېلىپ قاپتۇ. مۈشۈك رەڭگارەڭ گۈللەرگە، كېپىنەكلەرگە زوقلىنىپ، گۈللەرنىڭ خۇش ھىدىدىن دىلى يايراپ كېتىپتۇ. يولۋاسمۇ بۇ گۈلزارلىقنى ھە دەپ ماختاپ، مۈشۈكنى گەپكە سېلىپ مېڭىپتۇ ۋە ئايلىنىپ بىر دوقمۇشقا كەلگەندە تۇيۇقسىز يان تەرەپكە شىددەت بىلەن

بۇرۇلۇپ مۇشۇككە تاشلىنىپتۇ. ھوشيار مۇشۇك بولسا، يولۋاسنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ قېچىپتۇ، يولۋاس مۇشۇكنى قوغلاپتۇ، مۇشۇك جان - جەھلى بىلەن قېچىپتۇ ۋە يولۋاس ئۆزىگە يېتىشىۋالاي دېگەندە بىر تۈپ سېدىگە چىقىۋاپتۇ. مۇشۇكنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرگەن يولۋاس ھەيران قاپتۇ، سېدىگە يامىشىپ باققان بولسىمۇ، چىقالماپتۇ ۋە مۇشۇككە قاراپ غەزەپ بىلەن:

— سەن ماڭا نېمىشقا دەرەخكە چىقىشنى ئۆگەتمىدىڭ؟ — دەپ توۋلاپتۇ.

— ھەرقانداق ئۇستاز بولغۇچى يامان نىيەتلىك شاگىرتىنىڭ كېيىن ئۆزىگە ئېلىپ كېلىدىغان مالامىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلماق كېرەك. مەن سىلىنىڭ يامان نىيەتلىرىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۆزۈمگە ساقلاپ قويغان بۇ ماھارىتىم ھازىر مېنىڭ قەدىر - قىممىتىمنى، ھاياتىمنى قۇتقۇزدى، — دەپتۇ مۇشۇك.

يولۋاس غەزەپلىك نەرە تارتىپ، سېدىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ لىڭشىتىپ باققان بولسىمۇ، مۇشۇك دەرەخكە مەھكەم چاپلىشىپ تۇرۇۋالغاچقا ھېچنېمە قىلالماپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى مۇشۇك يولۋاستىن ئايرىلىپ ياشاشقا باشلاپتۇ. يولۋاسمۇ پادىشاھلىق دەۋرانىنى سۈرۈپ ياشاپ كەپتۇ. بىراق، يولۋاس ئورمانلىقنى ئايلانغاندا، دەل - دەرەخلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە دەرەخلەرگە ھەسرەت بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ كېتىپ قالىدىكەن.

# كېلىنلىك سىرى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، زامانىنىڭ زامانىسىدا، كۈنپې-
تىشنىڭ نېرىسىدا، بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ
ئوتتۇرا ياشقا كەلگۈچە پەرزەنت يۈزى كۆرمەي ھەسرەتتە
ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغاندىن كېيىن بىر
ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدىن ئوغلىنىڭ
ئات تويىنى شەھەر بويىچە ناھايىتى كاتتا ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە
بۇ ئوغلىنى مەخسۇس ئادەملەرنى تەيىنلەپ، بەكمۇ ئە-
تىۋارلاپ بېقىپتۇ. ئەمما، بەختكە قارشى، بۇ شاھزادە بەش
ياشلارغا كىرگەندە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئورۇن
تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇنى شەھەردىكى داڭلىق تې-
ۋىپلارغا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، شاھزادىنىڭ كېسىلى بار-
غانسېرى ئېغىرلىشىپ، بېشى قاپاقتەك، بوينى ساپاقتەك،
قورسىقى دۇمباقتەك، پۇتى تاياقتەك بولۇپ قاپتۇ. بۇنى
كۆرگەن پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى شەھەر-
لەرگە: «تېۋىپلارنىڭ بىرىمۇ قالماي دەرھال شاھ ئوردىسىغا
ھازىر بولۇپ، شاھزادىنىڭ كېسىلىنى نۆۋەت بىلەن كۆر-

سۈن. شاھزادىنى ساقايتالىغانلارغا نۇرغۇن ئىنئام بېرد-
مەن، ساقايتالمىغانلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن!» دەپ پەر-
مان چۈشۈرۈپتۇ. بۇ پەرمانغا بىنائەن پادىشاھلىق تەۋەسى-
دىكى ھەممە شەھەرلەرنىڭ تېۋىپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن
ئوردىغا كېلىپ توپلىنىپتۇ، ئاندىن بىردىن ـ بىردىن
كىرىپ شاھزادىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە باشلاپتۇ.
داڭلىقراق تېۋىپلار ئالدىدا كۆرگەنىكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ
ھېچقايسىسى بۇ كېسەلگە بىرەر ئۈنۈملۈك داۋا تاپالمىغاچ-
قا، ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىپتۇ. بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ
شاھزادىنىڭ قېشىغا كىرىشكە تېخى نۆۋەت كەلمىگەن تې-
ۋىپلار قورقىنىدىن غال ـ غال تىترەشكە باشلاپتۇ. كۆپ-
چىلىك بولسا، شەھىرىمىزدە تېۋىپلارنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇپ
كېتىدىغان بولدى، دەپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ھەممە ئادەم
ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، بىئارام بوپتۇ.

شۇ شەھەردە پاراسەتلىك بىر مۇنەججىم بار ئىكەن.
مۇنەججىم بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالنى ئاڭلاپ، تېۋىپلارنىڭ
بىھۇدە قىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاتتىق قايغۇرۇپتۇ ھەم
پادىشاھنىڭ نادانلىقى بىلەن زالىملىقىغا غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ
تېۋىپلارنى قۇتقۇزۇپ، كۆپچىلىكنى قايغۇدىن خالاس قى-
لىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇپتۇ، ئاخىر،
شاھزادىنىڭ قېشىغا تەۋەككۇل قىلىپ بىر كىرىپ باقاي،
كېسەلنى كۆرگەندىن كېيىن بىرەر ئامال تېپىلىپ قالسا
ئەجەب ئەمەس، دېگەن قارارغا كەپتۇ ـ دە، ئوردىغا قاراپ

مېڭىپتۇ. مۇنەججىم ئىجازەت بىلەن كىرىپ، شاھزادىنىڭ
كېسىلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ چىققاندىن
كېيىن، شاھزادىنىڭ يېنىدىكى ۋەزىر - ئەمىرلەرگە:
— قالغان تېۋىپلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەتسۇن.
مەن ئاخشاملىققا كېلىپ شاھزادىنىڭ كېسىلىگە داۋا تاپى-
مەن. ئەگەر شاھزادىنى ساقايتالمىسام، ئائىلە تاۋابىئاتلى-
رىم بىلەن بىللە كېلىپ شاھ ئالىيلىرىنىڭ قىلىچى ئاس-
تىغا ھازىر بولۇشقا رازىمەن، — دەپتۇ.

مۇنەججىمنىڭ بۇ ۋەدىسى پادىشاھنىڭ ماقۇللۇقىدىن
ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان تېۋىپلارنىڭ
ھەممىسى مۇنەججىمدىن كۆپ مىننەتدار بولۇپ، ئۆيلىرى-
گە قايتىپ كېتىشىپتۇ. مۇنەججىممۇ ئۆيگە قايتىپ، ئور-
دىغا كەچتە چىراغ ياقىدىغان ۋاقىتىدا كەپتۇ. ئۇ شاھزادى-
نىڭ قېشىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ۋەزىر -
ئەمىرلەرگە:



— ھەممىڭلار
چىقىپ كېتىپ، ئۆي-
نى ماڭا خالىي قىلىپ
بېرىڭلار، شاھزادىنىڭ
قېشىدا ئۆزۈم يالغۇز
قالىمەن. ئۆيگە چوڭ
چىراغ ياقماي، بىر
جىنچىراغ يېقىپ بې-

رىپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىۋېتىڭلار. سىرتتا ھېچقانداق ئاۋاز ياكى شەپە بولمىسۇن، ئىشىكنى تاڭ ئاتقاندا ئې-چىڭلار، — دەپتۇ. بۇ شەرتلەر ئورۇندالغاندىن كېيىن، مۇ-نەججىم جىنچىراغنى شاھزادىگە ئۇدۇل تامدىكى ئېگىز تەكچىگە قويۇپ، ئۆزى نېپىز قارا شايى پەردىگە ئورىلىپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ خۇدادىن مەدەت تىلەپ ئول-تۇرۇپتۇ ۋە ئۇخلاپ قالماسلىق ئۇچۇن ئوڭ قولىغا بىر تال يىڭنە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇچىنى سول قولىغا تېگەر - تەگ-مەس تۇتۇپ، شاھزادە تەرەپكە تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. بىچارە شاھزادە ئۆز تۆشىكىدە ئاۋۋالقى پېتى مىدىرلىماستىن، قورسىقىنى دومبايتىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ خارقىراپ ياتىدىكەن، ئۆينىڭ ئىچى چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك دە-رىجىدە جىمجىت ئىكەن. ۋاقىت شۇ ھالەتتە ئۆتۈپ يېرىم كېچە بولغاندا، چىرقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، شاھزا-دىنىڭ ئاغزىدىن قىپقىزىل بىر يىلان چىقىپتۇ. بۇ يىلان شاھزادىنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ توختاپتۇ، ئاندىن ئەۋرەز تەرەپتىن ۋىشىلدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئەۋرەز ئىچىدىن بىر چار يىلان چىقىپتۇ. بۇ يىلان ئەۋرەزنىڭ چۆرىسىنى بىر ئايلىنىپ توختاپتۇ. مۇنەججىم بۇ يىلانلارنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ، تېنى شۈركۈنۈپتۇ، ئەمما بۇ كارامەتنىڭ ئاخىرىنى بىلمەكچى بولۇپ، چاندۇرماي ۋە مىد-دىرلىماي، تىكىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا چار يىلان قىزىل يىلانغا خىرىس قىلىپ:

— سەن شاھزادىنىڭ ئىچىگە قىلدەك ۋاقىتتىدا كىر-گەندىڭ، شۇنىڭدىن بۇيان شاھزادىنىڭ قورسىقىنى ئۇۋا قىلىپ يېتىپ، شاھزادىنىڭ قۇۋۋىتىنى شوراپ يوغىناپ، شاھزادىنى كاردىن چىقاردىڭ. ئەگەر كۈچۈلا بىلەن كاۋاۋد-چىننى قوشۇپ قاينىتىپ سۈيىنى شاھزادىگە ئىچۈرسە، سەن شاھزادىنىڭ ئىچىدىن قاقتەك - ماياقتەك بولۇپ چۈشەتتىڭ، شاھزادە تېز ئەسلىگە كېلىپ قالاتتى، — دەپتۇ. شۇ چاغدا قىزىل يىلان چار يىلانغا خىرىس قىلىپ:

— سەنمۇ ئەۋرەزگە قىلدەك ۋاقىتتىدا پەيدا بولغان-دىڭ، شۇنىڭدىن بۇيان ئەۋرەزگە تۆكۈلگەن نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىپ يوغىناپ، ئەۋرەزنىڭ ئاستىغا پادىشاھنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ ۋاقتىدا كۆمۈلگەن قىرىق كۈپ ئالتۇننى بې-سىپ يېتىۋاتىسەن، بۇنى ھېچكىم بىلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر نۆ-شۈدۈر بىلەن ھاكنى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، سۈيىنى ئەۋرەزنىڭ تۆشۈكىدىن قۇيىدىغان بولسا، تىن تارتماي جان بېرەتتىڭ، — دەپتۇ.

بۇ كارامەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەم ھەيران قالغان، ھەم خۇشاللانغان مۇنەججىم ھاياجانلانغىنىدىن يېنىككىنە بىر يۆتىلىپ سالغانىكەن، ھەر ئىككى يىلان دەرھال ماكان-لىرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. مۇنەججىم بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ، تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

تاڭ ئېتىپ ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن، مۇنەججىم ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، شاھزادىنى جەزمەن



ساقايتىدىغانلىقىنى ئېيد-
تىپتۇ. پادىشاھ بۇنى
ئاڭلاپ كۆپ خۇرسەن
بولۇپ:

— ئەگەر شاھزادى-
نى جەزمەن ساقايتسالىڭ،
قانداق تەلىپىڭ بولسا،
شەرتسىز بەجا كەلتۈرد-
مەن، — دەپتۇ. مۇنەججىم شاھزادىنىڭ يېنىغا قايتىپ
كېلىپ، چار يىلاندىن ئاڭلىۋالغىنى بويىچە كېرەكلىك دو-
رىلارنى ئەكەلدۈرۈپ، شاھزادىنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ.
پادىشاھ مۇنەججىمگە ئاپىرىن ئوقۇپ:

— ئەمدى قانداق تەلىپىڭ بولسا ئېيت ! — دەپتۇ.

— باشقا ھېچقانداق تەلىپىم يوق، — دەپتۇ مۇنەج-
جىم مەمنۇنىيەتلىك بىلەن، — شاھزادە ياتقان ئاشۇ ئۆينى
مېنىڭ ئىلكىمگە بۇيرۇپ بەرسىلە، شۇنىڭ بىلەن قانائەت-
لىنىمەن.

پادىشاھ بۇنىڭغا ھەم تەئەججۇپلىنىپتۇ، ھەم بىر ئاز
غەزەپلىنىپ:

— ماڭا شۇنداق چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، ئاران
بىر ئېغىز ئۆي سورىغىنىڭ نېمىسى؟ — دەپتۇ. مۇنەججىم
سىرنى يوشۇرۇپ:

— مېنىڭ ئۇ ئىشىم شاھ ئالىيلىرىغا قانچىلىك چوڭ

كۆرۈنگىنى بىلەن، مېنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ بىر ئېغىز ئۆيگە يارىغۇدەك بىر ئىش. شاھ ئالىيلىرىدىن مېنىڭ سورايدى-غىنىم ئۆز ئەجرىمگە لايىق، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزدىن مەمنۇن بولۇپ:

— خەير، بوپتۇ. ئەگەر تەلىپىڭ شۇلا بولىدىغان بول-سا، شۇ ئۆينى ھەممە بىساتلىرى بىلەن ساڭا ھەدىيە قىلىپ بەردىم، — دەپتۇ.

مۇنەججىم بۇ ئۆينى ئۆز ئىختىيارىغا ئالغاندىن كې-يىن، ئاۋۋال قىزىل يىلاندىن ئاڭلىۋالغىنى بويىچە نۆشۈ-دۈر بىلەن ھاكنى قايناتىپ، ئەۋرەزنىڭ تۆشۈكىگە تۆكۈپ چار يىلاننى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن ئەۋرەزنىڭ ئۈستىنى ئې-چىپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى قىرىق كۈپ ئالتۇننى مەخپىي ھالدا ئۆز ئۆيىگە بىر - بىرلەپ توشۇشقا باشلاپتۇ. مۇ-نەججىم قىرىق كۈپ ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى توشۇپ بول-غاندىن كېيىن، ئالتۇنلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى كەم-بەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىپتۇ ۋە قالغان ئۆمرىنى باياشات ئۆتكۈزۈپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk4ODUuemlw",
  "filename_decoded": "40209885.zip",
  "filesize": 28650610,
  "md5": "c4cfa94a6bf31d992ef93f31675c19b5",
  "header_md5": "993ea0247439df516c2e782d27cb4112",
  "sha1": "21f8d1c01d768760195c66552fdfd1ff9ef6ecb9",
  "sha256": "687f99133f527b2756a5b4fedcac1a77adaa0d07d1842efa6c946aa3c8aeeb56",
  "crc32": 1636744234,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 30331174,
  "pdg_dir_name": "\u2534\u255c\u2555\u00f7\u2568\u00ed\u2502\u2264\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209885",
  "pdg_main_pages_found": 71,
  "pdg_main_pages_max": 71,
  "total_pages": 80,
  "total_pixels": 313629840,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}